بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ.

قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز.



# قۇرئان كەرىمنىڭ ماتېماتىكىلىق ئىلمى ھەقىقەتلىرى

پىغانى

قۇرئان كەرىمنىڭ ماتېماتىكىلىق ئىلمى ھەقىقەتلىرى ١

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

وَيَوْمَ نَبْعَثُ فِي كُلِّ أُمَّةٍ شَهِيدًا عَلَيْهِم مِّنْ أَنفُسِهِمْ ۖ وَجِئْنَا بِكَ
شَهِيدًا عَلَىٰ هَٰؤُلَاءِ ۚ وَنَزَّلْنَا عَلَيْكَ الْكِتَابَ تِبْيَانًا لِّكُلِّ شَيْءٍ وَهُدًى
وَرَحْمَةً وَبُشْرَىٰ لِلْمُسْلِمِينَ ﴿٨٩﴾

﴿ساڭا بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ھەممە نەرسىنى (يەنى كىشىلەر مۇھتاج بولىدىغان دىنى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى) چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان (دەلىللارغا) ھىدايەت، (بەندىلەرگە) رەھمەت، مۇسۇلمانلارغا مەڭگۈلۈك سائادەت بىلەن خوش خەۋەر يەتكۈزىدىغان قىلىپ نازىل قىلدۇق﴾ - سۈرە نەھل 89 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

« ولا تَنْقَضِي عَجَائِبُهُ» [رواه الترمذي]

«قۇرئان كەرىمنىڭ (ئىنساننى ھەيران قالدۇرىدىغان) ئاجايىبلىرى مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ». [تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.



www.munber.org

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿ إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا ٱلذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُۥ لَحَٰفِظُونَ ﴾

﴿قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز﴾ سۈرە ھىجر 9 - ئايەت.

# قۇرئان كەرىمنىڭ ماتېماتىكىلىق ئىلمى ھېكمەتلىرى

**پىغانى**

« 20 - 3 - 2006م ———— 19 - 2 - 1427 ھ »

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز .......... 7

بىرىنچى باب .......... 19

قۇرئان كەرىمدە زىكىر قىلىنغان سان "يەتتە" .......... 19

مۇقەددىمە .......... 19

كائىناتنىڭ يارىتىلىشىدىكى قانۇنىيەت .......... 22

نېمە ئۈچۈن يەتتە تاللانغان .......... 23

يەتتە ۋە كائىنات .......... 24

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىدىكى يەتتە .......... 25

يەتتە ۋە ھەج .......... 29

قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان تارىخى ۋەقەلىكلەردىكى يەتتە .......... 30

خۇلاسە: .......... 34

يەتتە ۋە قىيامەت كۈنى .......... 34

يەتتە ۋە سەدىقە .......... 36

يەتتە ۋە ﷲ غا تەۋبە قىلىش .......... 37

يەتتە ۋە ﷲ غا تەسبىھ ئېيتىش .......... 38

يەتتە ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ ھەرپلىرى .......... 41

يەتتە ۋە ئاسمان - زېمىننىڭ يارىتىلىشى .......... 42

يەتتە ۋە يەتتە ئاسماننىڭ يارىتىلىشى .......... 46

قۇرئاندا تۇنجى ۋە ئاخىرقى قېتىم زىكىر قىلىنغان يەتتە .......... 49

ئەڭ گۈزەل سۆز .......... 53

بىرىنچى ھەقىقەت: سۈرىلەر سانى .......... 54

ئىككىنچى ھەقىقەت: ئايەتلەر سانى .......... 54

ئۈچىنچى ھەقىقەت: ھەرپلەر سانى .......... 55

تۇنجى سۈرە ۋە ئاخىرقى سۈرە .......... 55




www.munber.org


قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى ۋە سۈرىلىرى .......... 57

قۇرئان كەرىمنىڭ سۈرىلىرى ۋە نازىل قىلىنىش يىل سانى .......... 58

قۇرئان كەرىمنىڭ سۆزلۈكلىرى .......... 60

قۇرئاننىڭ قىيامەت كۈنىگىچە ساقلىنىدىغانلىقىغا ﷲ نىڭ بەرگەن ۋەدىسى .......... 64

يۇقىرىقى ئايەتنىڭ قۇرئان كەرىمنىڭ تۇنجى ئايىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى .......... 65

ئىككىنچى باب .......... 70

قۇرئاننىڭ تۇنجى ئايىتى توغرىسىدا قىسقىچە تەھلىل .......... 70

قۇرئان كەرىمنىڭ بىرىنچى ئايىتى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى ئايىتى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش .......... 72

قۇئان كەرىمنىڭ تۇنجى ئايىتى ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ بەزى سۈرىلىرىنىڭ باش قىسمىدىكى
ئۈزۈك ھەرپلەر .......... 78

قۇرئان كەرىمدىكى "بسم ﷲ" ھەققىدە يەنە بىر نەچچە ھەقىقەت .......... 81

تۇنجى سۈرە ۋە ئاخىرقى سۈرىنىڭ باشلىنىشى .......... 83

ئۈچىنچى باب .......... 92

قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ گۈزەل سۆز (ﷲ) توغرىسىدا قىسقىچە تەھلىل .......... 92

سۈرە فاتىھە بىلەن ئىخلاس سۈرىسىنىڭ مۇناسىۋىتى .......... 96

ئۇلۇغ ياراتقۇچىمىز ﷲ يەككە - يېگانىدۇر .......... 104

تۆتىنچى باب .......... 108

قۇرئان كەرىمنىڭ تۇنجى سۈرىسى توغرىسىدا قىسقىچە تەھلىل .......... 108

سۈرە فاتىھەنىڭ قۇرئاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۈرىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى .......... 110

قۇرئان كەرىمنىڭ پارىلىرىنىڭ باغلىنىشلىرى .......... 112

قۇرئاننىڭ ئاخىرقى ئۈچ سۈرىسى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلار .......... 113

سۈرە فاتىھە بىلەن ئىخلاس سۈرىسى .......... 115

سۈرە فاتىھە بىلەن فەلەق سۈرىسى .......... 115

سۈرە فاتىھە بىلەن ناس سۈرىسى .......... 116

سۈرە فاتىھەنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ كەلگەن ئايەت .......... 116

سۈرە فاتىھەدە زىكىر قىلىنغان ئېلىپبە ھەرپلىرىدىكى ھەقىقەتلەر .......... 119




www.munber.org

www.uyghurkitap.com

سۈرە فاتىھەنىڭ باش ۋە ئاخىرقى ھەرپى 120
سۈرە فاتىھە ۋە قۇرئان كەرىم 121
سۈرە فاتىھەنىڭ بىرىنچى ۋە ئاخىرقى ئايىتى 123
فاتىھەنىڭ ئىككىنچى ۋە ئاخىرقى ئايىتىدىكى ئېلىپبە ھەرپلىرى 124
فاتىھەنىڭ ئىككىنچى ئايىتى ۋە ئاخىرقى ئايىتىنىڭ سۆزلۈكلىرى 124
فاتىھە ئىككىنچى ۋە ئاخىرقى ئايىتىنىڭ ئىككىنچى ۋە ئاخىرقى ھەرپلىرى 125
سۈرە فاتىھەنىڭ سۆزلۈكلىرى 126
سۈرە فاتىھەدىكى ئاخىرقى ھەقىقەت 126
بەشىنچى باب 129
بەزى سۈرىلەرنىڭ باش قىسمىدىكى ئۈزۈك ھەرپلەر توغرىسىدا تەھلىل 129
قۇرئان كەرىمدىكى ئۈزۈك ھەرپ بىلەن باشلانغان سۈرىلەر 130
قۇرئاندا زىكىر قىلىنغان"ا ل ـ م" دىكى ھەقىقەتلەر 132
"الـم" بىلەن باشلانغان ئالتە سۈرىنىڭ ئايەت سانلىرى 133
"الـم" بىلەن باشلانغان ئىككىنچى سۈرە 134
"الـم" بىلەن باشلانغان ئاخىرقى سۈرە 135
ئەنكەبۇت سۈرىسىدىكى"الم" ۋە بىر نەچچە ئايەت توغرىسىدا قىسقىچە تەھلىل 136
ئەنكەبۇت سۈرىسىنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئايىتى 136
ئەنكەبۇت سۈرىسىنىڭ بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى ئايىتى 137
ئەنكەبۇتنىڭ بىرىنچى ۋە 41 ـ ئايىتى 142
"الم" ۋە ناماز 145
ﷲ رىزىقلارغا كېپىل ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئايەت ۋە "الم" 147
"الم" نىڭ قۇرئاننىڭ ئاخىرىدا نازىل قىلىنغان سۈرە بىلەن مۇناسىۋىتى 148
ئۈزۈك ھەرپ ﴿حم﴾ بىلەن باشلانغان سۈرە 149
ئۈزۈك ھەرپ ﴿الـر﴾ بىلەن باشلانغان سۈرە 150
ئۈزۈك ھەرپ ﴿ن﴾ بىلەن باشلانغان سۈرە 153
ئۈزۈك ھەرپ بىلەن باشلانغان يەنە بىر سۈرە "يس" 155



www.munber.org

سۈرە "يس" قۇرئاننىڭ قەلبى 159
خاتىمە 161
پايدىلانغان كىتابلار 165



www.munber.org

## كىرىش سۆز

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ نامى بىلەن باشلايمەن!

جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله تائالاغا خاستۇر، الله نىڭ رەھمىتى ۋە سالامى ئىنسانىيەتنىڭ توغرا يول تېپىشى ئۈچۈن بارلىقنى بېغىشلىغان، الله نىڭ بەندىسى، پەيغەمبەرلەرنىڭ سەردارى، بىزلەرنىڭ يول باشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ساھابىلىرى، ئۇنىڭ يولىدا قىيامەتكىچە مۇستەھكەم تۇرغانلارغا بولسۇن!

بۇنىڭدىن 14 ئەسىر ئىلگىرى قۇرئان كەرىم پۈتۈن ئەرەبلەرنى ۋە ئەدەبىيات ساھاسىدىكى ئەدىب ـ شائىرلارنى ئۆزىنىڭ بالاغەت ـ پاساھىتى بىلەن ۋە تۈزۈلۈشىنىڭ مۇكەممەللىكى بىلەن ھەيران قالدۇرغان بولسا، مەزمۇنىنىڭ ئەتراپلىقلىقى بىلەن پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانلارنى ھەيران قالدۇرۇپ كەلدى. مانا، قۇرئان كەرىم نازىل قىلىنغاندىن بېرى قۇرئان كەرىمنىڭ الله نىڭ سۆزى، الله تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان كىتاب ئىكەنلىكىگە شەك كۆزى بىلەن قارايدىغانلاردىن قۇرئان كەرىمگە ئوخشاش بىر كىتابنى ياكى قۇرئان كەرىمنىڭ سۈرىلىرىدەك بىرەر سۈرىنى ياكى بىرەر ئايەتنى مەيدانغا كەلتۈرۈش تەلەپ قىلىنغىنىغا 1400 يىلدىن ئارتۇق بولۇپ قالدى، ئۇلۇغ الله تائالا بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ :

﴿ وَإِن كُنتُمْ فِي رَيْبٍ مِّمَّا نَزَّلْنَا عَلَىٰ عَبْدِنَا فَأْتُوا بِسُورَةٍ مِّن





مِّثْلِهِۦ وَٱدْعُوا۟ شُهَدَآءَكُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ ﴿٢٣﴾
فَإِن لَّمْ تَفْعَلُوا۟ وَلَن تَفْعَلُوا۟ فَٱتَّقُوا۟ ٱلنَّارَ ٱلَّتِى وَقُودُهَا ٱلنَّاسُ
وَٱلْحِجَارَةُ ۖ أُعِدَّتْ لِلْكَٰفِرِينَ ﴿٢٤﴾ ﴾

﴿بەندىمىز (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) گە بىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار، (قۇرئانغا تەئەررۇز قىلىشقا) الله دىن باشقا ياردەمچىڭلارنىڭ ھەممىسىنى (ياردەمگە) چاقىرىڭلار، (قۇرئان ئىنساننىڭ سۆزى دېگەن گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار *ئەگەردە ئۇنداق قىلالمىساڭلار ـ ھەرگىزمۇ قىلالمايسىلەر ـ كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان، ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان دوزەختىن ساقلىنىڭلار﴾ ـ سۈرە بەقەرە 23 ـ 24 ئايەتلەر

الله تائالا يەنە مۇنداق دىدۇ :

﴿ قُل لَّئِنِ ٱجْتَمَعَتِ ٱلْإِنسُ وَٱلْجِنُّ عَلَىٰٓ أَن يَأْتُوا۟ بِمِثْلِ هَٰذَا
ٱلْقُرْءَانِ لَا يَأْتُونَ بِمِثْلِهِۦ وَلَوْ كَانَ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ ظَهِيرًا ﴿٨٨﴾ ﴾

﴿ئېيتقىنكى، ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر ـ بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ﴾ ـ سۈرە ئىسرائ 88 ـ ئايەت.

1400 يىلدىن بۇيان پۈتۈن ئىسلامىيەت دۈشمەنلىرىنىڭ كېچە ـ كۈندۈز تىرىشچانلىق قىلىپمۇ قۇرئان كەرىمگە ئوخشاش بىرەر كىتابنى مەيدانغا چىقىرالمىغانلىقىنىڭ ئۆزىلا ئەقلىمەن ئىنساننى



www.munber.org
www.munber.org

www.uyghurkitap.com

ئويلىنىپ كۆرۈشكە، بۇ كىتابنىڭ بەندىنىڭ سۆزى بولماستىن بەلكى بەندىلەرنىڭ ياراتقۇچىسى، تەربىيەتچىسى، رىزىق بەرگۈچىسى، ھەممە ئىشلاردىن خەۋەردار، ھەممىگە قادىر بۈيۈك اللە نىڭ كالامى ئىكەنلىكىگە باش ئەگمەي تۇرالمايدۇ. قۇرئان كەرىم نازىل قىلىنغان ئەينى دەۋردىمۇ ئەرەب ئەدەبلىرى، شائىرلار، ھەر ساھەدىكى ئالىملار، سودىگەر، تىجارەتچىلەر، ساۋاتسىزلارمۇ قۇرئان كەرىمنىڭ مەزمۇنىنىڭ موللىقى ۋە ئەتراپلىق ئىكەنلىكىگە، سۆز - ئىبارىلىرىنىڭ بالاغىتى ۋە پاساھىتىگە باش ئېگىپ، ئىسلام دىنىنىڭ بۈيۈك اللە تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ھەق دىن ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇشۇپ ئىسلام دىنىغا كىرگەن. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللە ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن) نىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىش قىسسىسىگە قاراپ چىقايلى، ئۇ زات سىڭلىسىدىن (تاھە) سۈرىسىنىڭ بىرقانچە ئايەتلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئىبارىلىرىنىڭ بالاغەت - پاساھىتىدىن تەسىرلىنىپ، قۇرئان كەرىمنىڭ اللە نىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈپ، زالالەت يولىدىن، شىرىك يولىدىن ھىدايەت يولىغا، ئىمان - ئىسلام يولىغا كىرىپ مۇسۇلمان بولدى.

پەن - تېخنىكا دەۋرى كېلىپ، ھەر ساھەدىكى ئالىملار ئۆزىنىڭ كەشپىياتلىرىنى ئېلان قىلىشىۋاتقان. تاشقى پلانېتلارنى تەتقىق قىلىۋاتقان بۇ دەۋردىمۇ قۇرئان كەرىم ئۆزىنىڭ ئىلاھى دەستۇرلۇق سالاھىيىتى بىلەن تاشقى پلانېت توغرۇلۇق بولسۇن ياكى باشقا ساھەدىكى ئىلمىي تەتقىقاتلاردا بولسۇن ئۆزىنىڭ بۇ تەرەپلىرىدىمۇ ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغانلىقىنى نامايەن قىلماقتا. بۇنى كۆرگەن ھەر ساھەدىكى ھەقىقىي بىلىم ئىگىلىرى قۇرئان كەرىمنىڭ بۈيۈك اللە نىڭ كالامى ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىپ، ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى ئېلان قىلىشىۋاتقانلىقىنى ھەرۋاقىت ئاڭلاپ تۇرىۋاتىمىز. بۇنىڭ تىپىك مىسالى ئۈچۈن بىر ئىشى بايان قىلىپ ئۆتەيلى. دۇنيا



www.munber.org



تېببىي ئىلىم ساھەسىدە تۆرەلمە تەتقىقاتى بىلەن مەشھۇر بولغان تەتقىقاتچى، ئالىم، دوكتۇر كىس مور ئۇن نەچچە يىللىق ئىلمىي تەتقىقاتى ئارقىلىق تۆرەلمىنىڭ ئانا رەھمىدىكى باسقۇچلىرىنى تەتقىق قىلىپ پۈتۈن دۇنياغا ئېلان قىلدى. ئۇ بۇنىڭ بىلەن خۇرسەن بولۇۋاتقان ۋاقىتتا، بۇنىڭدىن **1400** يىل ئىلگىرى نازىل قىلىنغان، مۇسۇلمانلارنىڭ دەستۇرى بولغان قۇرئان كەرىمدە تۆرەلمىنىڭ ئانا رەھمىدىكى باسقۇچلىرىنىڭ تولۇق، تەپسىلىي بايان قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ ۋە ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنساننىڭ سۆزى ئەمەسلىكىگە ئىشىنىپ، قۇرئان كەرىمنى ئوقۇپ چۈشىنىپ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

مانا ھازىر يەنە بىر يېڭى پەن - تېخنىكا ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ كەلمەكتە، ئۇ بولسىمۇ سان - سىفىر تەتقىقاتى. پۈتۈن كائىناتنى، بارلىق مەۋجۇدات - مەخلۇقاتلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن مۇكەممەل قىلىپ ياراتقان بۈيۈك اللە ئۆزىنىڭ كالامى قۇرئان كەرىمنىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن مەھكەم قىلىپ تۈزدىمۇ يوق؟

بىز بۇ كىچىك رىسالىمىز ئارقىلىق قۇرئان كەرىم سۈرىلىرىنىڭ، ئايەتلىرىنىڭ، سۆزلۈكلىرىنىڭ، ھەتتا ھەرپلىرىنىڭمۇ ئىنتايىن مۇكەممەل ھالدا يەتتە دېگەن سانغا باغلىنىشلىق قىلىپ تۈزۈلگەنلىكىنى ئىمكانىيىتىمىز يار بەرگەن ئاساستا قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ چىقىمىز. بىز يەنە بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتىمىزكى، بىزنىڭ قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىرى ۋە ھەقىقەتلىرى توغرىسىدا بۇ قىسقا رىسالىمىزدە بايان قىلغانلىرىمىز پەقەت دېڭىزنىڭ بىر تامچىسىدىنلا ئىبارەت، چۈنكى قۇرئان كەرىمنىڭ بالاغەت جەھەتلەردىكى مۆجىزىلىرى بولسۇن ياكى تاشقى پلانېت توغرۇلۇق بايان قىلغان مۆجىزىلىرى بولسۇن، ياكى تەبىئەتتىكى مۆجىزىلىرى بولسۇن ۋە ياكى قانۇنچىلىق ساھەلىرىدىكى ۋە ياكى



www.munber.org

غەيب ئىشلارنى بايان قىلىشتىكى مۆجىزىلىرى بولسۇن، ھەممىسى قىيامەت كۈنىگىچە مەڭگۈ داۋاملىشىپ تۇرىدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ سان ـ سىفىرلىق مۆجىزىلىرى ۋە ھەقىقەتلىرىمۇ پەقەت دېڭىز سۈيىنىڭ بىرتامچىسىدىنلا ئىبارەت.

بىز بۇ يەردە يەنە شۇنى سەمىمىزگە سېلىشۋېلىشىمىز كېرەككى، قۇرئان كەرىم پەن ـ تېخنىكا كىتابى بولماستىن، پەقەت ھىدايەت كىتابى بولسىمۇ، ئىنساننىڭ ھىدايەت تېپىشى ۋە شۇ ھىدايەتنىڭ ئىنسان قەلبىدە مۇستەھكەم ئورۇنلىشىشى ئۈچۈن ئىنسان ۋاستىغا موھتاج، مانا بۇ قىسقا رىسالىمىزدا بايان قىلىنىدىغان قۇرئان كەرىمنىڭ سان ـ سىفىرلىق ھەقىقەتلىرىمۇ پەقەت شۇ ھىدايەتنىڭ ئىنسان قەلبىدە مۇستەھكەم ئورۇنلىشىشى ئۈچۈن بىر ۋاستىدىنلا ئىبارەت خالاس. بەزىدە قۇرئان كەرىمنىڭ لەپزى، مەزمۇنىنىڭ تەسىرىگە قارىغاندا، سان ـ سىفىرنى بايان قىلىشنىڭ تەسىرى ۋە ئۈنۈمى چوڭ بولىدۇ، چۈنكى قۇرئان كەرىمنى ئوقۇپ مەزمۇنىنى چۈشىنەلەيدىغانلارنىڭ سانى چەكلىك بولغىنى بىلەن، سان ـ سىفىرنى چۈشىنەلەيدىغانلارنىڭ سانى خېلى كۆپ، سان ـ سىفىرنى چۈشىنەلەيدىغانلارنىڭ كۆپ سانلىق بولۇۋاتقانلىقىغا قاراپ، قۇرئان كەرىمدىكى سان ـ سىفىرغا ئاساسلىنىپ كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىشمۇ ھازىرقى زاماندىكى دەۋەت ئۇسۇللىرىنىڭ يېڭىچە بىر يولى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بەزى ساھەدىكى كىشىلىرىمىز قۇرئان كەرىم سان ـ سىفىر جەھەتتىن بولسۇن ۋە ياكى تىل جەھەتتىن بولسۇن ھېچقانداق مۆجىزىگە موھتاج ئەمەس دېيىشىپ يۈرۈشمەكتە، بۇنداق قاراشنى توغرا دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى مۆئمىن ئۆزىنىڭ تۈنجى ئەقىدىسى بىلەن قانائەت ھاسىل قىلىپ تۇرماستىن، ھەرۋاقىت ئىمانىنىڭ كۈچىيىشىنى، تېخىمۇ مۇكەممەل بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ ھەمدە بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشچانلىق قىلىدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ بوۋىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا قارايلى. ئۇ الله



www.munber.org

قۇرئان كەرىمنىڭ ماتېماتىكىلىق ئىلمىي ھەقىقەتلىرى

تائالادىن بىرەر مۆجىزە كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ ۋەقەلىكنى الله تائالا قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَإِذْ قَالَ إِبْرَٰهِـۧمُ رَبِّ أَرِنِى كَيْفَ تُحْىِ ٱلْمَوْتَىٰ ۖ قَالَ أَوَلَمْ تُؤْمِن ۖ قَالَ بَلَىٰ وَلَـٰكِن لِّيَطْمَئِنَّ قَلْبِى ۖ قَالَ فَخُذْ أَرْبَعَةً مِّنَ ٱلطَّيْرِ فَصُرْهُنَّ إِلَيْكَ ثُمَّ ٱجْعَلْ عَلَىٰ كُلِّ جَبَلٍ مِّنْهُنَّ جُزْءًا ثُمَّ ٱدْعُهُنَّ يَأْتِينَكَ سَعْيًا ۚ وَٱعْلَمْ أَنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ٢٦٠ ﴾

﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: (پەرۋەردىگارىم) ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىڭنى ماڭا كۆرسەتكىن، دېدى. الله تائالا (ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىمغا) ئىشەنمىدىڭمۇ؟ دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، ئىشەندىم لېكىن كۆڭلۈم (تېخىمۇ) قارار تاپسۇن ئۈچۈن (كۆرۈشنى تىلەيمەن) دېدى، الله تائالا ئېيتتى، قۇشتىن تۆتنى ئالغىن، ئۇلارنى ئۆزەڭگە تونۇلغىن (يەنى ئۇلارنى پارچىلاپ گۆشلىرى بىلەن پەيلىرىنى ئارىلاشتۇرغىن) ئاندىن ھەرپىر تاغقا ئۇلاردىن بىر بۆلۈكىنى قويغىن، ئاندىن ئۇلارنى چاقىرغىن، سېنىڭ ئالدىڭغا ئۇلار چاپسان كېلىدۇ، بىلگىنكى الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾ ـ سۈرە بەقەر **260** ـ ئايەت.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئېتىقادىنىڭ تېخىمۇ مۇستەھكەم بولۇپ، الله نىڭ ئەڭ تەقۋا بەندىلىرىدىن بولۇش ئۈچۈن، قەلبىدە تېخىمۇ جەزملەشتۈرۈش ئۈچۈن الله تائالادىن مۆجىزە، ھەقىقەت ۋاستىسى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، الله نىڭ دوستى، پەيغەمبەرلەرنىڭ بوۋىسى شۇنداق دېگەن يەردە، بەزىلەرنىڭ قۇرئان مۆجىزە تەلەپ قىلمايدۇ، دەپ تۇرۇۋېلىشى توغرىمۇ؟ ئىمانىمىزنىڭ تېخىمۇ



www.munber.org

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

مۆكەممەل بولۇشى، الله تائالاغا جەزمىيىتىمىزنىڭ تېخىمۇ مۇستەھكەم بولۇشى ئۈچۈن ئىمكانىيىتىمىز يار بەرگەن ئاساستا بىلىم - مەرىپەت، ئىلمىي تەتقىقاتقا ئاساسلىنىپ، بىزگە نامايەندە بولغان مۆجىزىلەرنى بىلىشىمىزنىڭ نېمە زىيىنى بار؟ توغرا، ھەر بىر ئىشتا مۆجىزە تەلەپ قىلىشىمىز توغرا ئەمەس، ھەم تەلەپمۇ قىلالمايمىز، شۇنداقلا قۇرئان كەرىم بايان قىلغان ھەرپىر ئەھكاملارغا مۆجىزە، ھېكمەتنى ئاساس قىلىۋالمايمىز، چۈنكى يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزە - ھېكمەتلىرى قىيامەت كۈنىگىچە باقىيدۇر. بىزنىڭ بۇ چەكلىك ئەقلىمىز بىلەن چەكسىز قۇرئان كەرىمنىڭ ھەممە مۆجىزىلىرىنى بىلىپ چۈشىنەلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، يەنە كېلىپ ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسى ئارقىلىق ئىسپاتلانغان بەزى ھەقىقەتلەرگە ئاساسلىنىپلا (بۇ رىسالىدە بايان قىلىنغان ھەقىقەتلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ئايىتىدە بايان قىلغان ھۆكۈمنىڭ ھېكمىتى پەقەت مۇشۇلا، ئۇنىڭدىن باشقا ھېكمىتى، ئىلمىي مۆجىزىلىرى، ھەقىقەتلىرى يوق دەپ قارىمايمىز، چۈنكى بىر ئالىمغا بۇ ئايەتنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا ئاشكارا بولمىغان ئىلمىي ھېكمەت، مۆجىزە ھەقىقەتلەر ئۇنىڭدىن يۇقىرىراق ئالىمغا ئاشكارا بولمايدۇ، دەپ قارىغىلى بولامدۇ؟ بۇ ئەسىردە ئاشكارا بولمىغان ئىلمىي تەتقىقاتلار كەلگۈسىدە نامايەن بولمايدۇ، دەپ كىم ئېيتالىسۇن؟

الله نىڭ تۆۋەندىكى خىتابىغا قاراپ باقايلى:

﴿ أَفَلَا يَتَدَبَّرُونَ ٱلْقُرْءَانَ أَمْ عَلَىٰ قُلُوبٍ أَقْفَالُهَآ ﴿٢٤﴾ ﴾

﴿ئۇلار(ھەقنى تونۇش ئۈچۈن) قۇرئاننى پىكىر قىلمامدۇ؟ بەلكى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قۇلۇپ بار (شۇڭا ئۇلار چۈشەنمەيدۇ)﴾ - سۈرە مۇھەممەد 24 - ئايەت



www.munber.org



مۇشۇ ئايەتنىڭ ئۆزىلا قۇرئان كەرىمنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلىشقا يېتەرلىك دەلىل بولالماسمۇ؟

بۇ قىسقا رىسالىمىزدە قۇرئان كەرىمنىڭ سۈرە، ئايەت، سۆزلۈك ۋە ھەرپلىرىنىڭ بەزى سان - سىفىرلىق مەلۇماتلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق قۇرئان كەرىمنىڭ بىز ئويلىغاندىنمۇ مۇكەممەلراق، ئىنسان ئەقلىنى لال قىلالايدىغان، مۆجىزىلىك بىر كىتاب ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتمەكچىمىز.

بىز ياشاۋاتقان 21 - ئەسىردە ئىنسانىيەت نوپۇسى ئالتە مىلياردتىن ئېشىپ كەتتى، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەرەب تىلىدىن بىخەۋەر. قۇرئان كەرىم ئەرەب مىللىتىگىلا نازىل قىلىنغان بولماستىن بەلكى پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە نازىل قىلىنغان بىر ئىلاھىي دەستۇردۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ ئەرەبلەرنىلا ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەر بولماستىن، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن بىر زاتتۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ تَبَارَكَ ٱلَّذِى نَزَّلَ ٱلْفُرْقَانَ عَلَىٰ عَبْدِهِۦ لِيَكُونَ لِلْعَـٰلَمِينَ نَذِيرًا ﴿١﴾ ﴾

﴿پۈتۈن جاھان ئەھلىنى (الله نىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى نازىل قىلغان الله نىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر﴾ - سۈرە فۇرقان 1 - ئايەت

الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلىشى ئۈچۈن ھەممە



www.munber.org

نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلىپ بەردى. الله تائالا قۇرئان توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَنَزَّلْنَا عَلَيْكَ ٱلْكِتَٰبَ تِبْيَٰنًا لِّكُلِّ شَىْءٍ وَهُدًى وَرَحْمَةً وَبُشْرَىٰ لِلْمُسْلِمِينَ ﴿٨٩﴾ ﴾

﴿ساڭا بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ھەممە نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، (دىللارغا) ھىدايەت، (بەندىلەرگە) رەھمەت، مۇسۇلمانلارغا مەڭگۈلۈك سائادەت بىلەن خۇش خەۋەر يەتكۈزىدىغان قىلىپ نازىل قىلدۇق﴾ سۈرە نەھل 89 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى

الله تائالانىڭ { تِبْيَٰنًا لِّكُلِّ شَىْءٍ } (ھەممە نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان) دېگەن سۆزىنىڭ ئۆزىلا قۇرئان كەرىمنىڭ بارلىق ئىلىملەرنى، بارلىق نەرسىلەرنى ئۆزئىچىگە ئالىدىغانلىقىغا ئوچۇق دەلىل بولالايدۇ. سان ـ سىفىرلارنىڭ قۇرئان كەرىمدە شۇنداق تەپسىلى بايان قىلىنىشى ھەمدە قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن شۇنچە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇشىنىڭ ئۆزىلا قۇرئان كەرىمنىڭ ئالەمشۇمۇل كىتاب ئىكەنلىكىگە ھەمدە ئۇنىڭ پۈتۈن كائىناتنى يوقلۇقتىن ياراتقان بۈيۈك اللە نىڭ كالامى ئىكەنلىكىگە دەلىل بولالايدۇ. بولۇپمۇ قۇرئان كەرىمنىڭ بارلىق ئايەتلىرىنىڭ يەتتە سانىغا باغلىنىشلىق بولۇشى الله نىڭ يەككە ـ يېگانە ئىكەنلىكىگە دەلىل بولالايدۇ. چۈنكى ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىسى ئاساسىدا ئىسپاتلانغىنىدەك، كائىناتتىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ھەتتا ئاتوم، زەررىچىلىرىنىڭمۇ يەتتە قەۋەتتىن تەركىب تاپىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. قۇرئان كەرىمنىڭ ھەر بىر سۈرىسى، ھەر بىر





ئايىتى، ھەر بىر سۆزى، ھەر بىر ھەرپىگىچە يەتتە سانىغا ئالاقىدار بولۇشىنىڭ ئۆزىمۇ قۇرئان كەرىمنىڭ پۈتۈن كائىناتنىڭ ۋە يەتتە ئاسماننىڭ ياراتقۇچىسى بولغان الله تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ئالەمشۇمۇل كىتاب ئىكەنلىكىگە ئىلمىي دەلىل بولالماسمۇ؟

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ قُل لَّئِنِ ٱجْتَمَعَتِ ٱلْإِنسُ وَٱلْجِنُّ عَلَىٰٓ أَن يَأْتُوا۟ بِمِثْلِ هَٰذَا ٱلْقُرْءَانِ لَا يَأْتُونَ بِمِثْلِهِۦ وَلَوْ كَانَ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ ظَهِيرًا ﴿٨٨﴾ ﴾

﴿ئېيتقىنكى، ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر ـ بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ﴾ ـ سۈرە ئىسرائ 88 ـ ئايەت

قۇرئان كەرىم توغرۇلۇق توختىلىشنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ، تۆۋەندە:

قۇرئان كەرىمنىڭ ماتېماتىكىلىق ئىلمىي ھەققەتلىرىنى بايان قىلىشنى مۇۋاپىق تاپتىم. سەۋىيەمنىڭ تۆۋەنلىكى، قولۇمدىكى ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ كەمچىلىكى ۋە باشقا ئىشلار سەۋەبىدىن بۇ رىسالە ھەر خىل كەمچىلىكلەردىن خالى ئەمەس، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمدىن تۈزۈتۈپ ئوقۇشىنى، بۇ قىسقا رىسالىنىڭ روياپقا چىقىشى ئۈچۈن ھەر جەھەتتىن ھەسسە قوشقان قېرىنداشلىرىمىزنى ۋە ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنى دۇئالاردا ياد ئېتىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۇلۇغ الله بارلىق مۇسۇلمانلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلغاي.



www.munber.org
www.munber.org

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

﴿ إِنْ أُرِيدُ إِلَّا ٱلْإِصْلَٰحَ مَا ٱسْتَطَعْتُ ۚ وَمَا تَوْفِيقِىٓ إِلَّا بِٱللَّهِ ۚ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ وَإِلَيْهِ أُنِيبُ ﴿٨٨﴾ ﴾

﴿مەن پەقەت (سىلەرنى) قولۇمدىن كېلىشىچە تۈزەشنى خالايمەن، مەن پەقەت الله نىڭ ياردىمى بولغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمەن، (ھەممە ئىشتا) الله غا تايىنىمەن ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىمەن﴾ - سۈرە ھۇد 88 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى

﴿ لَا يُكَلِّفُ ٱللَّهُ نَفْسًا إِلَّا وُسْعَهَا ۚ لَهَا مَا كَسَبَتْ وَعَلَيْهَا مَا ٱكْتَسَبَتْ ۗ رَبَّنَا لَا تُؤَاخِذْنَآ إِن نَّسِينَآ أَوْ أَخْطَأْنَا ۚ رَبَّنَا وَلَا تَحْمِلْ عَلَيْنَآ إِصْرًا كَمَا حَمَلْتَهُۥ عَلَى ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِنَا ۚ رَبَّنَا وَلَا تُحَمِّلْنَا مَا لَا طَاقَةَ لَنَا بِهِۦ ۖ وَٱعْفُ عَنَّا وَٱغْفِرْ لَنَا وَٱرْحَمْنَآ ۚ أَنتَ مَوْلَىٰنَا فَٱنصُرْنَا عَلَى ٱلْقَوْمِ ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٢٨٦﴾ ﴾

﴿پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق (يەنى ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق) بىزنى جازاغا تارتمىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن (بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن). پەرۋەردىگارىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن، بىزنى كەچۈرگىن، مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىز. كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن﴾ -

www.munber.org





سۈرە بەقەرە 286 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يىغانى

2006 - يىل 20 - مارت

ھجرىيە 1427 - سەفەر نىڭ 19 - كۈنى

www.munber.org

# بىرىنجى باب

## قۇرئان كەرىمدە زىكىر قىلىنغان سان "يەتتە"

### مۇقەددىمە

الله تائالانىڭ بارلىق مەۋجۇدات ـ مەخلۇقاتلىرىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق الله تائالانىڭ بەزى نەرسىلەردىن بەزى نەرسىلەرنى ئۈزىنىڭ پەزلى ـ مەرھەمىتى بىلەن ھەممە تەرەپلەردە ئۈستۈن قىلغانلىقىنى كۆرىمىز.

مەسىلەن، الله تائالا بەزى پەيغەمبەرلەرنى بەزى پەيغەمبەرلەردىن مەرتىۋە جەھەتتە ئارتۇق قىلدى. الله تائالا بۇ توغرىدا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ ۞ تِلْكَ ٱلرُّسُلُ فَضَّلْنَا بَعْضَهُمْ عَلَىٰ بَعْضٍ ۘ مِّنْهُم مَّن كَلَّمَ ٱللَّهُ ۖ وَرَفَعَ بَعْضَهُمْ دَرَجَٰتٍ ۚ وَءَاتَيْنَا عِيسَى ٱبْنَ مَرْيَمَ ٱلْبَيِّنَٰتِ وَأَيَّدْنَٰهُ بِرُوحِ ٱلْقُدُسِ ۗ ﴾

﴿ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق، الله تائالا ئۇلارنىڭ بەزىسى (يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام) بىلەن سۆزلەشتى ۋە بەزىسىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى، مەريەم ئوغلى ئىساغا (ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش، گاچىلارنى، بەرەس كېسىلىنى





ساقايتىشقا ئوخشاش) روشەن مۆجىزىنى ئاتا قىلدۇق، ئۇنى روھۇلقۇدۇس (يەنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام) بىلەن كۈچلەندۈردۇق﴾ ـ سۈرە بەقەرە 253 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

ئۇلۇغ الله بەزى ئايلارنى بەزى ئايلاردىن ئارتۇق قىلدى، الله تائالا بۇنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ شَهْرُ رَمَضَانَ ٱلَّذِىٓ أُنزِلَ فِيهِ ٱلْقُرْءَانُ هُدًى لِّلنَّاسِ وَبَيِّنَٰتٍ مِّنَ ٱلْهُدَىٰ وَٱلْفُرْقَانِ ﴾

﴿رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر﴾ ـ سۈرە بەقەرە 185 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

يەنە الله تائالا بەزى كېچىلەرنى بەزى كېچىلەردىن مەرتىۋىلىك قىلدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِنَّآ أَنزَلْنَٰهُ فِى لَيْلَةِ ٱلْقَدْرِ ۝١ وَمَآ أَدْرَىٰكَ مَا لَيْلَةُ ٱلْقَدْرِ ۝٢ لَيْلَةُ ٱلْقَدْرِ خَيْرٌ مِّنْ أَلْفِ شَهْرٍ ۝٣ تَنَزَّلُ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ وَٱلرُّوحُ فِيهَا بِإِذْنِ رَبِّهِم مِّن كُلِّ أَمْرٍ ۝٤ سَلَٰمٌ هِىَ حَتَّىٰ مَطْلَعِ ٱلْفَجْرِ ۝٥ ﴾

﴿بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن شەبى قەدرىدە نازىل قىلدۇق. شەبى قەدرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ شەبى قەدرى (شەرەپ ۋە پەزىلەتتە) مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر. پەرىشتىلەر ۋە جىبرىئىل شۇ



www.munber.org

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



كېچىدە پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بىلەن، (زېمىنغا الله تەقدىر قىلغان) بارلىق ئىش ئۈچۈن چۈشىدۇ. شۇ كېچە تاڭ يورۇغانغا قەدەر پۈتۈنلەي تىنچ ـ ئامانلىقتىن ئىبارەتتۇر﴾ ـ سۈرە قەدر 1 ـ 5 ـ ئايەتكىچە.

الله تائالا بەزى شەھەرلەرنى بەزى شەھەرلەردىن ئۈستۈن، مەرتىۋىلىك قىلدى. الله تائالا بۇنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِنَّ أَوَّلَ بَيْتٍ وُضِعَ لِلنَّاسِ لَلَّذِى بِبَكَّةَ مُبَارَكًا وَهُدًى لِّلْعَٰلَمِينَ ﴿٩٦﴾ ﴾

﴿ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا (ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن) تۇنجى سېلىنغان ئۆي (يەنى بەيتۇللاھ) مەككىدىدۇر، مۇبارەكتۇر، جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر﴾ ـ سۈرە ئال ئىمران 96 ـ ئايەت

يەنە الله تائالا بەزى مەسجىدلەرنى بەزى مەسجىدلەردىن پەزلى ـ مەرتىۋىدە ئۈستۈن قىلدى، الله تائالا بۇ توغرىدا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ سُبْحَٰنَ ٱلَّذِىٓ أَسْرَىٰ بِعَبْدِهِۦ لَيْلًا مِّنَ ٱلْمَسْجِدِ ٱلْحَرَامِ إِلَى ٱلْمَسْجِدِ ٱلْأَقْصَا ٱلَّذِى بَٰرَكْنَا حَوْلَهُۥ لِنُرِيَهُۥ مِنْ ءَايَٰتِنَآ ۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْبَصِيرُ ﴿١﴾ ﴾

﴿الله تائالا (بارچە نۇقسانلاردىن) پاكتۇر، ئۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) قۇدرىتىمىزنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، بەندىسى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) بىر كېچىدە مەسجىدى



www.munber.org



ھەرامدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ كەلدى، ھەقىقەتەن الله ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾ ـ سۈرە ئىسرائ 1 ـ ئايەت

شۇنىڭغا ئوخشاش الله تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ بەزى سۈرىلىرىنى بەزى سۈرىلىرىدىن ئارتۇق قىلدى. مەسىلەن، سۈرە فاتىھەنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ مەرتىۋىلىك سۈرە ئىكەنلىكىنى ۋە سۈرە بەقەرەنىڭ 255 ـ ئايىتىنىڭ (ئايەتۇلكۇرسى) قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ئىچىدە ئەڭ مەرتىۋىلىك ئىكەنلىكىنى ھەر بىر مۇسۇلمان بىلىدۇ.

يۇقىرىقىلارغا قاراپ بولغاندىن كېيىن قۇرئان كەرىمنى ئوقۇپ، ئۇنى تەھلىل قىلىپ، قۇرئان كەرىمنىڭ سۈرىلىرى ۋە ئايەتلىرى ئومۇمىي قىلىپ ئېيتقاندا قۇرئان كەرىمدە كەلگەن سان ـ سىفىرلار ئىچىدىن قايسى سانغا بەكرەك باغلىنىشلىق؟ ئۇلۇغ الله بەزى نەرسىلەرنى بەزى نەرسىلەردىن مەرتىۋىلىك قىلغاندەك، قايسى ساننى مەرتىۋىلىك قىلدى؟ دېگەن سوئالنى ئۆزىمىزگە قويۇپ، تەھلىل قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، قۇرئان كەرىمدە ”بىر“ ساندىن باشقا ئەڭ كۆپ تەكرارلىنىپ كەلگەن ساننىڭ ”يەتتە“ ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز.

## كائىناتنىڭ يارىتىلىشىدىكى قانۇنىيەت

بەزىلەر الله تائالا تاشقى پىلانىتلارنى يارىتىشتا تارتىشىش قانۇنىيىتىنى ئاساس قىلىپ كائىناتنى ياراتتى، تاشقى پىلانىتتىكى بارلىق مەۋجۇداتلار تارتىشىش قانۇنىيىتىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا ھەممىسى ئۆز ئوقىدا نورمال ئايلىنىپ، كائىناتنىڭ نورماللىقىنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ.(مەسىلەن، يەرشارى قۇياشنىڭ ئەتراپىدا، ئاي يەرشارىنىڭ ئەتراپىدا. الله تائالا بۇ مەۋجۇداتلارنى ياراتقاندىن بېرى



www.munber.org

بىرەر سىكۇنت ئىلگىرى ـ كېيىن بولماستىن نورمال، تەرتىپلىك ھالەتتە ئايلىنىپ كېلىۋاتقىنىغا ئوخشاش) بەزى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ، الله تائالا قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلىشتىمۇ كائىناتنى ياراتقىنىغا ئوخشاش بىرەر قانۇنىيەتنى ئاساس قىلغانمۇ؟ دەپ سورىغۇسى كېلىدۇ. بۇنىڭغا بېرىدىغان جاۋابىمىز شۇكى، الله تائالا كائىناتنى تارتىشىش قانۇنىيىتىگە باغلىغاندەك، قۇرئان كەرىمنى چۈشۈرۈشتىمۇ، تەرتىپلىك نازىل قىلىشتىمۇ، سۈرىلىرىنىڭ، ئايەتلىرىنىڭ ۋە ياكى سۆزلىرىنىڭ ھەتتاكى ھەرپلىرىنىڭ تۈزۈلۈشلىرىدىمۇ تەرتىپلىك ھالەتتە يەتتە سانىغا باغلىنىشلىق قىلىپ ياراتتى. قۇرئان كەرىمنى ھەر قانداق نورمال پائالىيەت قىلىدىغان ھېسابلاش ماشىنىلىرى بىلەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغىنىمىزدا، قۇرئان كەرىمنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنىڭ يەتتە سانىغا ئىنتايىن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالالايمىز. بىز تۆۋەندە بۇ توغرىدا تەپسىلى توختىلىپ ئۆتىمىز، ئىنشا الله.

## نېمە ئۈچۈن يەتتە تاللانغان

بەزىلەر بىزدىن، نېمە ئۈچۈن الله تائالا بارلىق سان ـ سىفىرلار ئىچىدىن يەتتە سانىنى تاللاپ چىقتى؟ بۇنىڭدىكى ئاساسى ھېكمەت نېمە؟ دەپ سورىغۇسى كېلىدۇ. بىزنىڭ بۇنىڭغا بېرىدىغان قىسقىغىنە جاۋابىمىز شۇكى، بۇ ساننىڭ چەكسىز كائىناتنىڭ يارىتىلىشى، تەرتىپلىك ئىدارە قىلىنىشى تەرەپتىن بولسۇن ياكى قۇرئان كەرىمنىڭ سۈرە ۋە ئايەتلىرىنىڭ باغلىنىشى جەھەتتىن بولسۇن ۋە ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە بايان قىلىنغان ئەمەللەر جەھەتتىن بولسۇن ئۆزئارا باغلىنىشچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك.

بىز بۇ كىچىك رىسالىمىزدە بۇ ساننىڭ قۇرئان كەرىمدە شۇنداق



www.munber.org



ئەتراپلىق، مۇكەممەللىك بىلەن زىكىر قىلىنغانلىقىنى بايان قىلىپ، بۇنىڭ بۇنداق تەرتىپلىك زىكىر قىلىنىشى بۇ كىتاب (قۇرئان) نىڭ ھەممە نەرسىلەرنى ياراتقان، بۈيۈك الله نىڭ كالامى ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلماسمۇ؟ دېگەن سوئالنى ئوقۇرمەنلىرىمىزگە قالدۇرماقچىمىز.

## يەتتە ۋە كائىنات

الله تائالا كائىناتنى ياراتقاندا يەتتە سانىنى تاللاپ ئاسماننى يەتتە، زېمىننى يەتتە قىلىپ ياراتتى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ ٱللَّهُ ٱلَّذِى خَلَقَ سَبْعَ سَمَٰوَٰتٍ وَمِنَ ٱلْأَرْضِ مِثْلَهُنَّ يَتَنَزَّلُ ٱلْأَمْرُ بَيْنَهُنَّ لِتَعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ وَأَنَّ ٱللَّهَ قَدْ أَحَاطَ بِكُلِّ شَىْءٍ عِلْمًۢا ﴿١٢﴾ ﴾

﴿الله يەتتە ئاسماننى ياراتتى، زېمىننىمۇ ئاسمانلارغا ئوخشاش (يەتتە قىلىپ) ياراتتى، الله نىڭ ئەمرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جارى بولۇپ تۇرىدۇ، (سىلەرگە بۇنى بىلدۈرۈشۈم) الله نىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى ۋە الله نىڭ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلىدىغانلىقىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر﴾ ـ سۈرە تالاق 12 ـ ئايەت

ھەتتا كائىناتنىڭ ئەڭ ئاساسى تەشكىل قىلغۇچىسى بولغان ئېلېكترونلۇق ئاتومنىڭ ئېلېكترون قاتلىمىمۇ دەل يەتتە قەۋەتتىن تەركىب تاپىدۇ، ھەپتىلەرنىڭ كۈنلىرىمۇ يەتتە، (مۇزىكىنىڭ ئۇدارىمۇ يەتتە) يامغۇردىن كېيىن شەكىللىنىدىغان ھەسەن ـ ھۈسەنمۇ يەتتە خىل رەڭدىن تەركىب تاپىدۇ. يەنە شۇنىمۇ



www.munber.org

ئىسمىزدىن ساقىت قىلماسلىقىمىز كېرەككى، ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىمۇ يەرشارىنىڭ يەتتە قاتتىن تەركىب تاپىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

## پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىدىكى يەتتە

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە قارايدىغان بولساق يەتتە نىڭ خېلى كۆپ ئورۇندا، تەرتىپلىك زىكىر قىلىنغانلىقىنى كۆرىمىز، مەسىلەن، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىنسانىي ھالاكەتكە تاشلايغان نەرسىلەرنى تىلغا ئېلىپ يەتتە تۈرلۈك نەرسىنى بايان قىلدى، بۇتوغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«اجتنبوا السبع الموبقات ....» [البخاري ومسلم]

«يەتتە تۈرلۈك ھالاكەتكە تاشلىغۇچى ئىشتىن يىراق بولۇڭلار...» - بىرلىككە كەلگەن ھەدىس

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قىيامەت كۈنى الله نىڭ ئەرشى ئاستىدا سايىدايغان يەتتە تۈرلۈك كىشىنى بايان قىلىپ مۇنداق دىدى:

«سبعة يُظلّهم الله في ظلّه يوم لا ظلَّ إلا ظلُّه . . . .» [البخاري ومسلم]

«يەتتە تۈرلۈك كىشى الله نىڭ سايىسىدىن باشقا سايە يوق كۈندە الله نىڭ ئەرشىنىڭ سايىسىدا سايىدايدۇ، ئۇلار...» - بىرلىككە كەلگەن ھەدىس

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ ھەققىنى زۇلۇم قىلىپ ئېلىۋالغان كىشىنىڭ ئازابىنى بايان قىلغاندا يەتتە سانىنى قىيامەت كۈنىدە بولىدىغان ئازابقا بەلگە قىلىپ مۇنداق دىدى:

«مَنْ ظَلَمَ قَيْدَ شِبْرٍ مِنَ الأرضِ طُوِّقَهُ مِنْ سَبْعِ أراضين» [البخاري ومسلم]



www.munber.org



«كىمكى (باشقىلارنىڭ) زېمىنىدىن بىر غېرىچ مىقدارى يەرنى زۇلۇم قىلىپ ئىگەللىۋالسا الله تائالا ئۇكىشىگە ئۇ زېمىنىنىڭ يەتتە ھەسسىسىنى تاقاق قىلىپ بويىنغا كەيدۈرۈپ قويىدۇ.» - بىرلىككە كەلگەن ھەدىس

يەنە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ بۈيۈك، ئەڭ مەرتىۋىلىك سۈرىنى بايان قىلغاندا مۇنداق دېگەن:

«ئەلھەمدۇ لله رابىبل ئەلەمىن بولسا يەتتە ئايەتتۇر، ماڭا نازىل قىلىنغان قۇرئاندۇر» - بۇخارى رىۋايەت قىلغان

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام نامازدا سەجدىنى قانداق قىلىدىغانلىقىمىزنى بايان قىلغاندا مۇنداق دېگەن:

«أُمرت أن أسْجُدَ على سَبْعَةِ أعْظُم» [البخاري ومسلم]

«يەتتە ئەزا بىلەن سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلدۇم.» - بىرلىككە كەلگەن ھەدىس

يەنە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىت يالاپ قويغان قاچىنى قانداق پاكلاشنى بايان قىلغاندا، ئۇنى يەتتە قېتىم يۇيۇشنىڭ لازىملىقىنى،بىر قېتىملىق توپا بىلەن بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

يەنە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل قىلىنغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

«إن هذا القرآن أُنزل على سبعة أحرف» [البخاري ومسلم]

«قۇرئان كەرىم يەتتە ھەرپ بىلەن نازىل قىلىنغان.» - بىرلىككە كەلگەن ھەدىس

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قىيامەت كۈنىدىكى جەھەننەمنىڭ



www.munber.org

ھالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

«يُؤتَى بِجَهَنَّم يومئذٍ لَها سبعون ألفَ زمام» [رواه مسلم]

«قىيامەت كۈنىدە دەۋزەخ يەتمىش مىڭ يۈگەن بىلەن ھازىر قىلىنىدۇ.» - مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋزەختىن پاناھ تىلەپ تۆۋەندىكى دۇئانى يەتتە قېتىم ئوقۇغان.

«اللهمَّ أجرْني مِنَ النَّارِ» [رواه النَّسَائي]

«ئى الله! مېنى دەۋزەخ ئازابىدىن ساقلىغىن» - نەسەئى رىۋايىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېسەلدىن شىپا تېپىشنى تەلەپ قىلىپ ئوقۇيدىغان دۇئانى بايان قىلغاندىمۇ يەتتە قېتىم ئوقۇيدىغانلىقىمىزنى ئېيتقان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەھەر تەسىر قىلمايدىغان ئەجۋە خورمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بايان قىلغاندىمۇ يەتتە سانىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېگەن:

«من تصبَّح كلَّ يوم بسبع تَمرات عجوة لم يضرَّه في ذلك اليوم سمٌّ ولا سِحْرٌ» [البخاري ومسلم]

«كىمكى ھەر كۈنى تاڭ ئاتقاندا ئەجۋە خورمىسىدىن يەتتە تال يېسە ئۇ كىشىگە زەھەر، سېھىر تەسىر قىلمايدۇ.» - بىرلىككە كەلگەن ھەدىس

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله يولىدا روزا تۇتقان كىشىنىڭ دەرىجىسىنى بايان قىلغاندىمۇ يەتتە سانىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېگەن:



قۇرئان كەرىمنىڭ ماتېماتىكىلىق ئىلمىي ھەقىقەتلىرى

«ما من عبدٍ يصوم يوماً في سبيل الله إلا باعَدَ الله بذلك اليوم وجهَهُ عن النار سبعين خريفاً» [البخاري ومسلم]

«ھەر قانداق كىشى الله يولىدا بىر كۈن روزا تۇتىدىكەن، الله تائالا شۇ كۈنىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ يۈزىنى يەتمىش يىل دەۋزەخ ئوتىدىن يىراق قىلىدۇ.» - بىرلىككە كەلگەن ھەدىس

بىر ساھابە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ قۇرئان كەرىمنى تامام قىلىشقا ئەڭ لايىق كۈن سانىنى دەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە شۇ يەتتە سانىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېگەن:

«فاقرأه في سَبْعٍ ولا تَزِدْ على ذلك» [البخاري ومسلم]

«ئۇنى (قۇرئان كەرىمنى) يەتتە كۈندە (بىر قېتىم خەتمە) قىلىپ ئوقۇغىن، ئۇنىڭدىن زىيادە ئوقۇمىغىن. (ئۇنىڭدىن زىيادە تىز ئوقۇپ ئاز كۈندە تامام قىلمىغىن)» - بىرلىككە كەلگەن ھەدىس

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈنىگە يەتمىش قېتىم الله تائالاغا ئىستىغفار ئوقۇيتتى ھەمدە ئىنسانىنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ كۆپەيتىلدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

«كلُّ عملِ ابنِ آدمَ يضاعف الحسنة بعشر أمثالها إلى سبع مئة ضعف» [رواه مسلم]

«ئىنسانلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسى ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە كۆپەيتىلىدۇ.» - مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

غەم - قايغۇ، مۇسىبەتلەرنىڭ كۆتۈرۈلىشىنى الله تائالادىن تەلەپ قىلغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنىلا الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىنى يەتتە قېتىم ئوقۇيتتى:



www.munber.org

﴿ حَسْبِيَ ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ۖ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ ۖ وَهُوَ رَبُّ ٱلْعَرْشِ ٱلْعَظِيمِ ﴿١٢٩﴾ ﴾

﴿الله ماڭا كۇپايە قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلدىم (يەنى الله غا يۈزلەندىم، الله دىن باشقا ھېچ ئەھەدىدىن ئۈمىد كۈتمەيمەن ۋە ھېچ ئەھەدىدىن قورقمايمەن)، ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر﴾ - سۈرە تەۋبە 129 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى

يۇقىرىدا قىسقىغىنە بايان قىلىنغان بىر نەچچە ھەدىسلەرگە قاراپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىدىمۇ بىر دېگەن ساندىن قالسىلا يەتتە سانىنىڭ ئەڭ كۆپ، ئەڭ تەرتىپلىك زىكىر قىلىنغانلىقىنى كۆرىمىز.

## يەتتە ۋە ھەج

ھەج بولسا ئىسلام دىنىنىڭ بەش ئاساسى رۇكنىنىڭ بەشىنچىسىدۇر، ھەج پائالىيىتىنى ئادا قىلىپ باققان مۇسۇلمانلار بىلىدۇكى، ھەج پائالىيىتىنى ئادا قىلىش جەريانىدا يەتتە سانىنىڭ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغانلىقىنى ھەم ھەجنىڭ كۆپىنچە پائالىيەتلىرىدە زىكىر قىلىنغانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن، كەئبىنى تاۋاب قىلغاندا يەتتە قېتىم تاۋاب قىلىمىز. سافا مەرۋىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سەئيى قىلغاندىمۇ يەنىلا يەتتە قېتىم سەئيى قىلىمىز، شەيتانلارغا تاش ئاتقاندىمۇ يەنىلا ھەر بىرىگە يەتتە تالدىن تاش ئاتىمىز، ھەج پائالىيىتىنى ئادا قىلغۇچى مۇسۇلمان قۇربانلىق قىلالمايدىغان بولسا، ھەج كۈنلىرى ئۈچ كۈن، ئۆز يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن يەتتە كۈن روزا تۇتسا بولىدىغانلىقىنى الله تائالا





قۇرئان كەرىمدە زىكىر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ فَإِذَآ أَمِنتُمْ فَمَن تَمَتَّعَ بِٱلْعُمْرَةِ إِلَى ٱلْحَجِّ فَمَا ٱسْتَيْسَرَ مِنَ ٱلْهَدْيِ ۚ فَمَن لَّمْ يَجِدْ فَصِيَامُ ثَلَٰثَةِ أَيَّامٍ فِى ٱلْحَجِّ وَسَبْعَةٍ إِذَا رَجَعْتُمْ ۗ تِلْكَ عَشَرَةٌ كَامِلَةٌ ۗ ﴾

﴿ئەمىنلىكتە بولغان چېغىڭلاردا (ئاراڭلاردىن) ئۆمرە قىلغاندىن كېيىن ھەج قىلىشتىن بەھرىمەن بولغان ئادەم (يەنى ھەجدىن بۇرۇن ئۆمرە قىلىپ تاماملىغان ئادەم) نېمە ئوڭاي بولسا شۇنى قىلسۇن، (يۆلى يوقلىقتىن ياكى قۇربانلىق مال يوقلۇقتىن قۇربانلىق مال) تاپالمىغان ئادەم ھەج جەريانىدا ئۈچ كۈن روزا تۇتسۇن، (ھەجدىن) قايتقاندىن كېيىن يەتتە كۈن روزا تۇتسۇن، ئۇنىڭ ھەممىسى ئون كۈن بولىدۇ﴾ - سۈرە بەقەر 196 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى

## قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان تارىخى ۋەقەلىكلەردىكى يەتتە

قۇرئان كەرىمدىكى قىسسىلەرگە قارايدىغان بولساق، بۇ ۋەقەلىكلەردىمۇ يەتتە سانىنىڭ تەكرار زىكىر قىلىش بىلەن ئۆز ئورنىنى تاپقانلىقىنى كۆرىمىز.

مانا، الله نىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىدىن يەتتە ئاسماننى ياراتقان بۈيۈك الله توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ۋەقەلىك توغرىسىدا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن:

﴿ أَلَمْ تَرَوْا۟ كَيْفَ خَلَقَ ٱللَّهُ سَبْعَ سَمَٰوَٰتٍ طِبَاقًا ﴿١٥﴾ ﴾



www.munber.org
www.uyghurkitap.com

﴿سىلەر كۆرمىدىڭلارمىكىن، الله قانداق قىلىپ يەتتە ئاسماننى بىرىنىڭ ئۈستىدە بىرىنى قىلىپ ياراتتى﴾ - سۈرە نۇھ 18 - ئايەت

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام زامانىسىدىكى مىسىر پادىشاھىنىڭ چۈشىدە زىكىر قىلىنغان يەتتە ۋە يۈسۈف ئەلەيھىسسالام مىسىر پادىشاھىنىڭ چۈشىگە تەبىر بەرگەندە زىكىر قىلىنغان يەتتە سانىنىڭ قانداق تىلغا ئېلىنغانلىقىغا قاراپ باقايلى:

﴿ وَقَالَ ٱلْمَلِكُ إِنِّيٓ أَرَىٰ سَبْعَ بَقَرَٰتٍ سِمَانٍ يَأْكُلُهُنَّ سَبْعٌ عِجَافٌ وَسَبْعَ سُنۢبُلَٰتٍ خُضْرٍ وَأُخَرَ يَابِسَٰتٍ ۖ يَٰٓأَيُّهَا ٱلْمَلَأُ أَفْتُونِى فِى رُءْيَٰىَ إِن كُنتُمْ لِلرُّءْيَا تَعْبُرُونَ (٤٣) ﴾

﴿پادىشاھ ئېيتتى: مەن ھەقىقەتەن چۈشۈمدە يەتتە ئورۇق كالىنىڭ يەتتە سېمىز كالىنى يەپ كەتكەنلىكىنى ۋە يەتتە يېشىل باشاق بىلەن يەتتە قۇرۇق باشاقنى كۆرۈپتىمەن، ئى ئەربابلار! سىلەر ئەگەر چۈش تەبىرىنى بىلسەڭلار، بۇ چۈشۈمگە تەبىر بېرىپ بېقىڭلار﴾ - سۈرە يۈسۈف 43 - ئايەت

﴿ يُوسُفُ أَيُّهَا ٱلصِّدِّيقُ أَفْتِنَا فِى سَبْعِ بَقَرَٰتٍ سِمَانٍ يَأْكُلُهُنَّ سَبْعٌ عِجَافٌ وَسَبْعِ سُنۢبُلَٰتٍ خُضْرٍ وَأُخَرَ يَابِسَٰتٍ لَّعَلِّىٓ أَرْجِعُ إِلَى ٱلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَعْلَمُونَ (٤٦) قَالَ تَزْرَعُونَ سَبْعَ سِنِينَ دَأَبًا فَمَا حَصَدتُّمْ فَذَرُوهُ فِى سُنۢبُلِهِۦٓ إِلَّا قَلِيلًا مِّمَّا تَأْكُلُونَ (٤٧) ثُمَّ يَأْتِى مِنۢ



www.munber.org



بَعْدِ ذَٰلِكَ سَبْعٌ شِدَادٌ يَأْكُلْنَ مَا قَدَّمْتُمْ لَهُنَّ إِلَّا قَلِيلًا مِّمَّا تُحْصِنُونَ (٤٨) ﴾

﴿ئى راستچىل يۈسۈف! يەتتە ئورۇق كالىنىڭ يەتتە سېمىز كالىنى يەپ كەتكەنلىكىنى ۋە يەتتە يېشىل باشاق بىلەن يەتتە قۇرۇق باشاقنى (كۆرۈپ چۈشىگەن چۈشنىڭ تەبىرىنى) بىزگە ئېيتىپ بەرسەڭ، مەن ئۇنى كىشىلەرگە(پادىشاھقا ۋە ئۇنىڭ دۆلەت ئەربابلىرىغا) خەۋەر قىلسام، ئۇلار (سېنىڭ پەزىلىتىڭنى، بىلىمىڭنى) بىلسۇن دېدى. يۈسۈف ئېيتتى: يەتتە يىل ئۇزۇلدۇرمەي تېرىقچىلىق قىلىڭلار، ئالغان ھوسۇلۇڭلارنى يېيىش ئۈچۈن ئازغىنىسىنى خامان ئەتكەندىن تاشقىرى، قالغىنىنى (مىتە چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) باشىقى بىلەن قويۇڭلار. ئۇنىڭدىن كېيىن قەھەتچىلىك بولىدىغان يەتتە يىل كېلىدۇ، (بۇ يىللاردا) ئىلگىرى تويلىۋالغان ئاشلىقلىرىڭلاردىن (ئۇرۇقلۇق ئۈچۈن) ساقلاپ قويۇلغان ئازغىنىسىدىن باشقا ھەممىسىنى يەپ تۈگىتىسىلەر﴾ - سۈرە يۈسۈف 46 ـــ 48 - ئايەتكىچە

ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسى قەۋمىگە ئەۋەتىلگەن ئازابتىمۇ يەنە شۇ يەتتە سانى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىپ زىكىر قىلىندى.

﴿ وَأَمَّا عَادٌ فَأُهْلِكُوا۟ بِرِيحٍ صَرْصَرٍ عَاتِيَةٍ (٦) سَخَّرَهَا عَلَيْهِمْ سَبْعَ لَيَالٍ وَثَمَٰنِيَةَ أَيَّامٍ حُسُومًا فَتَرَى ٱلْقَوْمَ فِيهَا صَرْعَىٰ كَأَنَّهُمْ أَعْجَازُ نَخْلٍ خَاوِيَةٍ (٧) ﴾

﴿ئاد بولسا ھەددىدىن زىيادە قاتتىق ۋە سوغوق بوران بىلەن



www.munber.org

www.uyghurkitap.com



ھالاك قىلىندى. الله ئۇلارغا بورانىنى يەتتە كېچە، سەككىز كۈندۈز ئۈزۈلدۈرمەي ئاپىرىدە قىلدى﴾ ـ سۈرە ھاققە 6 ـ 7 ـ ئايەتلەر

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىگە قارايدىغان بولساق يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكى بولغان يەتمىش ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلدى.

﴿ وَٱخۡتَارَ مُوسَىٰ قَوۡمَهُۥ سَبۡعِينَ رَجُلٗا لِّمِيقَٰتِنَا ﴾

﴿مۇسا بىز بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىتتا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن، ئۆز قەۋمىدىن يەتمىش كىشىنى تاللىدى﴾ ـ سۈرە ئەئراف 155 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى

ئەسھابۇل كەھف قىسسىسىگە قارايدىغان بولساق، بۇ قىسسىدىمۇ يەنە شۇ يەتتە سانىنىڭ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

﴿ سَيَقُولُونَ ثَلَٰثَةٞ رَّابِعُهُمۡ كَلۡبُهُمۡ وَيَقُولُونَ خَمۡسَةٞ سَادِسُهُمۡ كَلۡبُهُمۡ رَجۡمَۢا بِٱلۡغَيۡبِۖ وَيَقُولُونَ سَبۡعَةٞ وَثَامِنُهُمۡ كَلۡبُهُمۡۚ قُل رَّبِّيٓ أَعۡلَمُ بِعِدَّتِهِم مَّا يَعۡلَمُهُمۡ إِلَّا قَلِيلٞ ﴾

﴿ئۇلار (يەنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى ناسارالار) ئۇلار (يەنى ئەسھابۇلكەھف) ئۈچ بولۇپ، تۆتىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتىدۇر دەيدۇ، بەزىلەر ئۇلار بەش بولۇپ ئالتىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتىدۇر دەيدۇ، بۇ پۈتۈنلەي ئاساسسىز، قارىسىغا (ئېيىلتىلغان سۆزدۇر)، يەنە بەزىلەر ئۇلار يەتتە بولۇپ سەككىزىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتىدۇر دەيدۇ. ئېيتقىنكى، ئۇلارنىڭ

www.munber.org



قۇرئان كەرىمنىڭ ماتېماتىكىلىق ئىلمىي ھەقىقەتلىرى

سانىنى پەرۋەردىگارىم ئوبدان بىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ئازغىنا كىشىلەر بىلىدۇ﴾ ـ سۈرە كەھف 22 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى

## خۇلاسە:

يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان قىسسىلەرگە قاراپ يەتتە سانى بىلەن بۇ ۋەقەلىكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالاھىدە باغلىنىش بارلىقىنى ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى بىلەلەيدۇ، بولۇپمۇ مىسىردىكى فىرئەۋننىڭ تارىخى ۋەقەلىكلىرىدە يەتتە سانىنىڭ تولىمۇ كۆپ تىلغا ئېلىنغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز، بۇ سانىنىڭ بۇنداق ھالەتتە زىكىر قىلىنىشى نېمىدىن دېرەك بېرەر؟

## يەتتە ۋە قىيامەت كۈنى

بەزىلەر يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان يەتتە ھاياتى دۇنيا ۋەقەلىكلىرىگىلا خاس ئىكەن، بۇ سانىنىڭ باقىي ئالەمگىمۇ ئالاقىسى بارمۇ؟ بۇ سان قىيامەت كۈنىدىكى ۋەقەلىكلەردىمۇ تىلغا ئېلىنغانمۇ؟ دەپ سوراپ قېلىشى مۇمكىن.

قۇرئان كەرىمنى ئوقۇپ ئۇنىڭدا تىلغا ئېلىنغان ۋەقەلىكلەرنى تەكشۈرۈپ ئۇنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، بۇ سانىنىڭ قىيامەت كۈنىنى بايان قىلغان ئايەتلەردىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن، ئۇ دۇنيانىڭ ئىسمىلىرىدىن بىرى بولغان قىيامەت دېگەن ئىسمىنىڭ ئۆزىلا قۇرئان كەرىمدە يەتمىش يەردە تىلغا ئېلىنىدۇ، يەتمىش بولسا يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىك سانى.

$7 \times 10 = 70$

www.munber.org

جەھەننەم دېگەن سۆز قۇرئان كەرىمدە يەتمىش يەتتە قېتىم زىكىر قىلىنغان بولۇپ، بۇمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكى.

$7 \times 11 = 77$

جەھەننەمنىڭ ئىشىكى ھەم يەتتىدۇر، بۇ توغرىدا الله تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:

﴿ لَهَا سَبۡعَةُ أَبۡوَٰبٖ لِّكُلِّ بَابٖ مِّنۡهُمۡ جُزۡءٞ مَّقۡسُومٌ ٤٤ ﴾

﴿جەھەننەمنىڭ يەتتە دەرۋازىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدىن كىرىدىغان مۇئەييەن بىر بۆلۈك (ئادەم) بار﴾ ـ سۈرە ھىجر 44 ـ ئايەت

جەھەننەمدە بولىدىغان ئازابنى بايان قىلغان ئايەتتىمۇ يەنە شۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان، بۇ توغرىدا الله تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ خُذُوهُ فَغُلُّوهُ ٣٠ ثُمَّ ٱلۡجَحِيمَ صَلُّوهُ ٣١ ثُمَّ فِي سِلۡسِلَةٖ ذَرۡعُهَا سَبۡعُونَ ذِرَاعٗا فَٱسۡلُكُوهُ ٣٢ ﴾

﴿(الله دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە) ئېيتىدۇ: ئۇنى تۇتۇڭلار، ئۇنىڭغا تاقاق سېلىڭلار. ئاندىن ئۇنى دوزاخقا تاشلاڭلار. ئاندىن ئۇزۇنلۇقى يەتمىش گەز كېلىدىغان زەنجىر بىلەن باغلاڭلار﴾ ـ سۈرە ھاققە 30 ــ 32 ـ ئايەتكىچە

يەنە شۇنىمۇ ئۇنۇتماسلىقىمىز لازىمكى، الله تائالا ئۆزىنىڭ مۇبارەك سۆزلىرى توغرۇلۇق قۇرئان كەرىمدە بايان قىلغاندىمۇ يەنە شۇ يەتتە سانىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:



www.munber.org



﴿ وَلَوۡ أَنَّمَا فِي ٱلۡأَرۡضِ مِن شَجَرَةٍ أَقۡلَٰمٞ وَٱلۡبَحۡرُ يَمُدُّهُۥ مِنۢ بَعۡدِهِۦ سَبۡعَةُ أَبۡحُرٖ مَّا نَفِدَتۡ كَلِمَٰتُ ٱللَّهِۗ إِنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٞ ٢٧ ﴾

﴿ئەگەر يەر يۈزىدىكى دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى قەلەم بولغان، دېڭىز (سىياھ) بولغان، ئۇنىڭغا يەنە يەتتە دېڭىز (نىڭ سىياھى) قوشۇلغان تەقدىردىمۇ، الله نىڭ سۆزلىرىنى (يېزىپ) تۈگەتكىلى بولمايدۇ. (الله نىڭ سۆزلىرى خۇددى الله نىڭ ئىلمىدەك چەكسىز بولۇپ يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنى الله نىڭ ئىلمىنىڭ كەڭلىكىنىڭ مىسالىدۇر) الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾ ـ سۈرە لوقمان 27 ـ ئايەت

## يەتتە ۋە سەدىقە

الله يولىدا پۇل ـ مېلىنى سەدىقە قىلغان كىشىلەرنىڭ ئەجرى بايان قىلىنغان ئايەتلەردە يەتتە يەنە ئالاھىدە تىلغا ئېلىندى، الله تائالا بۇ توغرىدا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ مَّثَلُ ٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمۡوَٰلَهُمۡ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ كَمَثَلِ حَبَّةٍ أَنۢبَتَتۡ سَبۡعَ سَنَابِلَ فِي كُلِّ سُنۢبُلَةٖ مِّاْئَةُ حَبَّةٖۗ وَٱللَّهُ يُضَٰعِفُ لِمَن يَشَآءُۗ وَٱللَّهُ وَٰسِعٌ عَلِيمٌ ٢٦١ ﴾

﴿الله نىڭ يولىدا پۇل ـ مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ



www.munber.org

قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر بىر باشىقىدا 100 دان تۇتقان بىر دانىغا ئوخشايدۇ. (بۇ خۇدا ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان پۇل ـ مالنىڭ ساۋابىنىڭ ھەسسىلەپ كۆپ بولىدىغانلىقىغا مىسال) الله خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ، الله نىڭ مەرھەمىتى (چەكلىك ئەمەس) كەڭدۇر، (الله مال سەرپ قىلغۇچىنىڭ نىيىتىنى بىلگۈچىدۇر)﴾ ـ سۈرە بەقەر 261 ـ ئايەت

## يەتتە ۋە الله غا تەۋبە قىلىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تائالاغا قىلغان تەۋبىسىدىمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكى بولغان يەتمىش ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدى، الله تائالا بۇ توغرىدا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ ٱسْتَغْفِرْ لَهُمْ أَوْ لَا تَسْتَغْفِرْ لَهُمْ إِن تَسْتَغْفِرْ لَهُمْ سَبْعِينَ مَرَّةً فَلَن يَغْفِرَ ٱللَّهُ لَهُمْ ۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ كَفَرُوا۟ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ ۗ وَٱللَّهُ لَا يَهْدِى ٱلْقَوْمَ ٱلْفَٰسِقِينَ ۝٨٠ ﴾

﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۈچۈن مەيلى مەغفىرەت تەلەپ قىل، مەيلى مەغفىرەت تەلەپ قىلما (بەربىر ئوخشاش)، ئۇلار ئۈچۈن يەتمىش قېتىم مەغفىرەت تەلەپ قىلساڭمۇ، الله ھەرگىز ئۇلارنى مەغفىرەت قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇلار الله نى ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى، الله پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾ ـ سۈرە تەۋبە 80 ـ ئايەت





## يەتتە ۋە الله غا تەسبىھ ئېيتىش

قۇرئان كەرىمدە الله غا تەسبىھ ئېيتىش بىلەن باشلانغان سۈرىدىن يەتتىسى بولۇپ، بۇلار سۈرە ئىسرائ، ھەدىد سۈرىسى، ھەشر سۈرىسى، سەف سۈرىسى، جۇمئە سۈرىسى، تەغابۇن سۈرىسى، ئەئلا سۈرىسىدۇر. بۇ توغرىدا تەپسىلى مەلۇماتقا قاراش ئۈچۈن قۇرئان كەرىمدىكى بۇ يەتتە سۈرىنىڭ باش قىسمىغا نەزەر سېلىپ كۆرەيلى:

1 - ﴿ سُبْحَٰنَ ٱلَّذِىٓ أَسْرَىٰ بِعَبْدِهِۦ لَيْلًا مِّنَ ٱلْمَسْجِدِ ٱلْحَرَامِ إِلَى ٱلْمَسْجِدِ ٱلْأَقْصَا ٱلَّذِى بَٰرَكْنَا حَوْلَهُۥ لِنُرِيَهُۥ مِنْ ءَايَٰتِنَآ ۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْبَصِيرُ ۝١ ﴾

﴿الله (بارچە نۇقسانلاردىن) پاكتۇر، ئۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) قۇدرىتىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن، بەندىسىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) بىر كېچىدە مەسجىدى ھەرامدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ كەلدى، ھەقىقەتەن الله ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾ ـ سۈرە ئىسرائ 1 ـ ئايەت

2 - ﴿ سَبَّحَ لِلَّهِ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ وَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ۝١ ﴾

﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى الله غا تەسبىھ ئېيتتى، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾ ـ

سۈرە ھەدىد 1 ـ ئايەت

3 - ﴿ سَبَّحَ لِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلْأَرْضِ ۖ وَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ۝١ ﴾

﴿ئاسماندىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى اللە غا تەسبىھ ئېيتتى، اللە غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾ ـ سۈرە ھەشر 1 ـ ئايەت

4 - ﴿ سَبَّحَ لِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلْأَرْضِ ۖ وَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ۝١ ﴾

﴿ئاسماندىكى نەرسىلەر(يەنى پەرىشتىلەر) ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر (يەنى ئىنسانلار، ئۆسۈملۈكلەر، جانسىز شەيئىلەر) اللە غا تەسبىھ ئېيتتى، اللە غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾ ـ سۈرە سەپ 1 ـ ئايەت

5 - ﴿ يُسَبِّحُ لِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلْأَرْضِ ٱلْمَلِكِ ٱلْقُدُّوسِ ٱلْعَزِيزِ ٱلْحَكِيمِ ۝١ ﴾

﴿اللە غا ئاسماندىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر تەسبىھ ئېيتىدۇ، اللە پادىشاھ (مۇتلەقتۇر)، (ھەممە نۇقسانلاردىن) پاكتۇر، غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾ ـ سۈرە جۇمۇئە 1 ـ ئايەت

www.munber.org





6 - ﴿ يُسَبِّحُ لِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلْأَرْضِ ۖ لَهُ ٱلْمُلْكُ وَلَهُ ٱلْحَمْدُ ۖ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ ۝١ ﴾

﴿ئاسماندىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر اللە غا تەسبىھ ئېيتىدۇ، پادىشاھلىق اللە غا مەنسۇپتۇر، جىمى ھەمدۇ ـ سانا اللە غا خاستۇر، اللە ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾ ـ سۈرە تەغابۇن 1 ـ ئايەت

7 - ﴿ سَبِّحِ ٱسْمَ رَبِّكَ ٱلْأَعْلَى ۝١ ﴾

﴿ھەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلغىن﴾ ـ سۈرە ئەئلا 1 ـ ئايەت

مانا يۇقىرىقى ئايەتلەرگە قاراپ يەتتە سانى بىلەن اللە تائالاغا زىكىر ـ تەسبىھ ئېيتىش ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن زور باغلىنىشنىڭ بارلىقىنى بىلىۋالالايمىز، شۇنداقلا يەتتە سانى بىلەن تەسبىھنىڭ ۋە يەتتە ئاسمان، يەتتە زېمىننى يارىتىقۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشىنىمۇ ھەم كۆرۈۋالالايمىز. اللە تائالا بۇ توغرىدا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ تُسَبِّحُ لَهُ ٱلسَّمَٰوَٰتُ ٱلسَّبْعُ وَٱلْأَرْضُ وَمَن فِيهِنَّ ۚ وَإِن مِّن شَيْءٍ إِلَّا يُسَبِّحُ بِحَمْدِهِۦ وَلَٰكِن لَّا تَفْقَهُونَ تَسْبِيحَهُمْ ۗ إِنَّهُۥ كَانَ حَلِيمًا غَفُورًا ۝٤٤ ﴾

﴿يەتتە ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار اللە نى پاك دەپ بىلىدۇ، (كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە بولمىسۇن، اللە نى

www.munber.org

پاك دەپ مەدھىيىلەيدۇ، (يەنى الله نىڭ ئۇلۇغلۇقىنى سۆزلەيدۇ) لېكىن سىلەر (تىلىڭلار ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ مەدھىيىسىنى سەزمەيسىلەر، الله ھەقىقەتەن (بەندىلەرگە) ھەلىمدۇر (يەنى ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)، (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر﴿ - سۈرە ئىسرائ 44 - ئايەت

## يەتتە ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ ھەرپلىرى

الله تائالا قۇرئان كەرىمنى ئەرەب تىلى بىلەن چۈشۈرگەن بولۇپ، بۇ تىلنى 28 ھەرپتىن شەكىللەندۈردى، 28 ھەرپمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكى بولۇپ چىقىدۇ.

$$7 \times 4 = 28$$

بىز يەتتە سانىنى قۇرئان كەرىمنىڭ تۇنجى سۈرىسى بولغان سۈرە فاتىھەدە ئۇچرىتىمىز. الله تائالا قۇرئان كەرىمنى سۈرە فاتىھە بىلەن باشلىدى، بۇ سۈرە ھەم يەتتە ئايەتتىن تەركىب تاپقاندۇر. الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَلَقَدْ ءَاتَيْنَٰكَ سَبْعًا مِّنَ ٱلْمَثَانِى وَٱلْقُرْءَانَ ٱلْعَظِيمَ ﴿٨٧﴾ ﴾

﴿(نامازدا) تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان يەتتە ئايەتنى ۋە ئۇلۇغ قۇرئان كەرىمنى ھەقىقەتەن ساڭا ئاتا قىلدۇق﴾ - سۈرە ھىجر 87 - ئايەت

يۇقىرىقى ئايەتتە زىكىر قىلىنغان ”يەتتە ئايەت“ قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ مەرھەمەتلىك سۈرە - سۈرە فاتىھەدۇر، بۇ سۈرە يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك يەتتە ئايەتتىن تەركىب تاپىدۇ، بۇ سۈرىدە تىلغا ئېلىنغان ئېلىپبە ھەرپلىرىنىڭ سانى ھەم 21 دۇر،



www.munber.org



بۇمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكىدۇر.

ئۇنىڭدىن سىرت قۇرئان كەرىمدە بەزى سۈرىلەرنىڭ باش قىسمى بىر، ئىككى ۋە ياكى ئۈچ ھەرپتىن شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن، الم، الر، ي، ق، ن، لەرگە ئوخشاش. بۇلارنىڭ ئىچىدىن تەكرار تىلغا ئېلىنغان ھەرپلەرنى چىقىرىۋېتىپ، قالغان ھەرپلەرنى سانايدىغان بولساق، بۇلارنىڭ سانى يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكى ئون تۆت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. (بۇ توغرىدا رىسالىمىزنىڭ ئاخىرقى بابىدا تەپسىلى توختىلىمىز، ئىنشاالله.) سۈرە فاتىھەدە تىلغا ئېلىنغان ئومۇمىي ئېلىپبە ھەرپلىرىنىڭ سانى 119 دۇر، بۇ ھەرپلەرنى ساناپ ئۇنىڭدىن تەكرار تىلغا ئېلىنغانلىرىنى چىقىرىۋېتىپ قارايدىغان بولساق، سۈرە فاتىھەدە يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسى بولغان ئون تۆت ھەرپ بارلىقىنى، بۇ ئون تۆت ھەرپ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان، قۇرئان كەرىمنىڭ باشقا سۈرىلىرىنىڭ باش قىسمىدا تىلغا ئېلىنغان ھەرپلەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

## يەتتە ۋە ئاسمان - زېمىننىڭ يارىتىلىشى

الله تائالا ئاسمان - زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتتى، قۇرئان كەرىمدە الله تائالانىڭ ئاسمان - زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتقانلىقى يەتتە ئورۇندا زىكىر قىلىنىدۇ، تۆۋەندىكى ئايەتلەرگە دىققەت قىلىپ كۆرەيلى:

1 - ﴿ إِنَّ رَبَّكُمُ ٱللَّهُ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ فِى سِتَّةِ
أَيَّامٍ ثُمَّ ٱسْتَوَىٰ عَلَى ٱلْعَرْشِ يُغْشِى ٱلَّيْلَ ٱلنَّهَارَ يَطْلُبُهُۥ حَثِيثًا
وَٱلشَّمْسَ وَٱلْقَمَرَ وَٱلنُّجُومَ مُسَخَّرَٰتٍۭ بِأَمْرِهِۦٓ ۗ أَلَا لَهُ ٱلْخَلْقُ



www.munber.org

وَٱلْأَمْرُ ۗ تَبَارَكَ ٱللَّهُ رَبُّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٥٤﴾ ﴾

﴿شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭلار الله ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە (يەنى ئالتە دەۋردە) ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق رەۋىشتە) ئەرش ئۈستىدە قارار ئالدى، الله كېچە بىلەن (يەنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن) كۈندۈزنى ياپىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈز بىر ـ بىرىنى قوغلىشىدۇ، (يەنى داۋاملىق ئورۇن ئالمىشىپ تۇرىدۇ) الله قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى الله نىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرغۇچى قىلىپ ياراتتى، يارىتىش ۋە ئەمىر قىلىش (يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستتىنلا الله نىڭ ئىلكىدىدۇر، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله نىڭ دەرىجىسى كاتتىدۇر﴾ ـ ئەئراف سۈرىسى 54 ـ ئايەت

2 - ﴿ إِنَّ رَبَّكُمُ ٱللَّهُ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ فِى سِتَّةِ أَيَّامٍ ثُمَّ ٱسْتَوَىٰ عَلَى ٱلْعَرْشِ ۖ يُدَبِّرُ ٱلْأَمْرَ ۖ مَا مِن شَفِيعٍ إِلَّا مِنۢ بَعْدِ إِذْنِهِۦ ۚ ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمْ فَٱعْبُدُوهُ ۚ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ ﴿٣﴾ ﴾

﴿شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار الله دۇر، ئۇ ئاسمانلارنى، زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتتى، ئاندىن ئەرش ئۈستىدە ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە قارار ئالدى، الله خالايىقلارنىڭ ئىشلىرىنى (ئۆز ھېكمىتى بىلەن مۇۋاپىق) ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ، (قىيامەت كۈنى) ھەرقانداق شاپائەت قىلغۇچى ئالدى بىلەن الله نىڭ ئىزنىنى ئالىدۇ، ئەنە شۇ الله سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئۇنىڭغا

www.munber.org





ئىبادەت قىلىڭلار، ۋەز ـ نەسىھەت ئالامسىلەر؟﴾ ـ سۈرە يۇنۇس 3 ـ ئايەت

3 - ﴿ وَهُوَ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ فِى سِتَّةِ أَيَّامٍ وَكَانَ عَرْشُهُۥ عَلَى ٱلْمَآءِ لِيَبْلُوَكُمْ أَيُّكُمْ أَحْسَنُ عَمَلًا ۗ وَلَئِن قُلْتَ إِنَّكُم مَّبْعُوثُونَ مِنۢ بَعْدِ ٱلْمَوْتِ لَيَقُولَنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓا۟ إِنْ هَٰذَآ إِلَّا سِحْرٌ مُّبِينٌ ﴿٧﴾ ﴾

﴿الله ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتتى. (ئاسمان ـ زېمىننى يارىتىشتىن ئىلگىرى) الله نىڭ ئەرشى سۇنىڭ ئۈستىدە ئىدى، سىلەرنىڭ قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن الله (ئۇلارنى ياراتتى)، (ئى مۇھەممەد!) ئەگەر سەن (مەككە كۇففارلىرىغا) سىلەر ئۆلگەندىن كېيىن چوقۇم تىرىلىسىلەر دېسەڭ كافىرلار چوقۇم ئېيتىدۇ: بۇ (سۆزنى ئۆزئىچىگە ئالغان قۇرئان) پەقەت روشەن سېھىردۇر﴾ ـ سۈرە ھۇد 7 ـ ئايەت

4 - ﴿ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَا فِى سِتَّةِ أَيَّامٍ ثُمَّ ٱسْتَوَىٰ عَلَى ٱلْعَرْشِ ۚ ٱلرَّحْمَٰنُ فَسْـَٔلْ بِهِۦ خَبِيرًا ﴿٥٩﴾ ﴾

﴿الله ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئالتە كۈندە ياراتتى، ئاندىن ئەرش ئۈستىدە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) قارار ئالدى، الله ناھايىتى مەرھەمەتلىكتۇر، بۇنى (يەنى الله نىڭ بۈيۈكلىكىنى) بىلىدىغان ئادەمدىن سورىغىن، (ساڭا الله نىڭ سۈپەتلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ)﴾ ـ سۈرە فۇرقان 59 ـ ئايەت

www.munber.org

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



5 - ﴿ ٱللَّهُ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَا فِى سِتَّةِ أَيَّامٍ ثُمَّ ٱسْتَوَىٰ عَلَى ٱلْعَرْشِ ۖ مَا لَكُم مِّن دُونِهِۦ مِن وَلِىٍّ وَلَا شَفِيعٍ ۚ أَفَلَا تَتَذَكَّرُونَ ﴿٤﴾ ﴾

«الله ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئالتە كۈندە ياراتتى، ئاندىن ئەرش ئۈستىدە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) قارار ئالدى، سىلەرگە الله دىن باشقا ھېچقانداق ئىگە يوق، شاپائەت قىلغۇچىمۇ يوق، (بۇنى) پىكىر قىلىپ (ئىمان ئېيتمامسىلەر؟)» - سۈرە سەجدە 4 - ئايەت

6 - ﴿ وَلَقَدْ خَلَقْنَا ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَا فِى سِتَّةِ أَيَّامٍ وَمَا مَسَّنَا مِن لُّغُوبٍ ﴿٣٨﴾ ﴾

«بىز ھەقىقەتەن ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئالتە كۈندە ياراتتۇق، بىز ھېچقانداق چارچاپ قالغىنىمىز يوق» - سۈرە قاف 38 - ئايەت

7 - ﴿ هُوَ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ فِى سِتَّةِ أَيَّامٍ ثُمَّ ٱسْتَوَىٰ عَلَى ٱلْعَرْشِ ۚ يَعْلَمُ مَا يَلِجُ فِى ٱلْأَرْضِ وَمَا يَخْرُجُ مِنْهَا وَمَا يَنزِلُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ وَمَا يَعْرُجُ فِيهَا ۖ وَهُوَ مَعَكُمْ أَيْنَ مَا كُنتُمْ ۚ وَٱللَّهُ بِمَا

www.munber.org





تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ ﴿٤﴾ ﴾

«الله ئاسمانلارنى، زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتتى، (ئاندىن ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) ئەرش ئۈستىدە قارار ئالدى، الله زېمىنغا كىرىپ كېتىدىغان نەرسىلەرنى، زېمىندىن چىقىدىغان نەرسىلەرنى، ئاسماندىن چۈشىدىغان نەرسىلەرنى، ئاسمانغا ئۆرلەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ، سىلەر قەيەردە بولساڭلار، الله سىلەر بىلەن بىرگە، الله قىلغۇاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» - سۈرە ھەدىد 4 - ئايەت

## يەتتە ۋە يەتتە ئاسماننىڭ يارىتىلىشى

الله تائالانىڭ كالامى قۇرئان كەرىمنى تەتقىق قىلىپ كۆرىدىغان بولساق بۇيۇك الله نىڭ ئاسماننى يەتتە قىلىپ ياراتقانلىقىنى، بۇ ۋەقەلىكنى الله تائالا ئۆزىنىڭ مۇقەددەس كىتابىدا يەتتە ئورۇندا، يەتتە ئايەتتە تىلغا ئالغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. تۆۋەندىكى ئايەتلەرگە قاراپ باقايلى:

1 - ﴿ هُوَ ٱلَّذِى خَلَقَ لَكُم مَّا فِى ٱلْأَرْضِ جَمِيعًا ثُمَّ ٱسْتَوَىٰٓ إِلَى ٱلسَّمَآءِ فَسَوَّىٰهُنَّ سَبْعَ سَمَٰوَٰتٍ ۚ وَهُوَ بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمٌ ﴿٢٩﴾ ﴾

«الله يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىلەرنى سىلەر(نىڭ پايدىلىنىشىڭلار) ئۈچۈن ياراتتى، ئاندىن ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلىنىپ ئۇنى قۇسۇرسىز يەتتە قىلىپ تاماملىدى، الله ھەرنەرسىنى بىلگۈچىدۇر» - سۈرە بەقەرە 29 - ئايەت

www.munber.org

2 - ﴿ تُسَبِّحُ لَهُ ٱلسَّمَٰوَٰتُ ٱلسَّبۡعُ وَٱلۡأَرۡضُ وَمَن فِيهِنَّۚ وَإِن مِّن شَيۡءٍ إِلَّا يُسَبِّحُ بِحَمۡدِهِۦ وَلَٰكِن لَّا تَفۡقَهُونَ تَسۡبِيحَهُمۡۚ إِنَّهُۥ كَانَ حَلِيمًا غَفُورًا ﴿٤٤﴾ ﴾

﴿يەتتە ئاسمان - زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار الله نى پاك دەپ بىلىدۇ، (كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە بولمىسۇن الله نى پاك دەپ مەدھىيىلەيدۇ، (يەنى الله نىڭ ئۇلۇغلۇقىنى سۆزلەيدۇ) لېكىن سىلەر (تىلىڭلار ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ مەدھىيىسىنى سەزمەيسىلەر، الله ھەقىقەتەن (بەندىلىرىگە) ھەلىمدۇر (يەنى ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)، (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر﴾ - سۈرە ئىسرائ 44 _ ئايەت

3 - ﴿ قُلۡ مَن رَّبُّ ٱلسَّمَٰوَٰتِ ٱلسَّبۡعِ وَرَبُّ ٱلۡعَرۡشِ ٱلۡعَظِيمِ ﴿٨٦﴾ ﴾

﴿ئېيتقىنكى، يەتتە ئاسمانىنىڭ ۋە ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى كىم؟﴾ - سۈرە مۆئمىنۇن 86 - ئايەت

4 - ﴿ فَقَضَىٰهُنَّ سَبۡعَ سَمَٰوَاتٍ فِي يَوۡمَيۡنِ وَأَوۡحَىٰ فِي كُلِّ سَمَآءٍ أَمۡرَهَاۚ وَزَيَّنَّا ٱلسَّمَآءَ ٱلدُّنۡيَا بِمَصَٰبِيحَ وَحِفۡظًاۚ ذَٰلِكَ تَقۡدِيرُ ٱلۡعَزِيزِ ٱلۡعَلِيمِ ﴿١٢﴾ ﴾





﴿الله يەتتە ئاسمانىنى ئىككى كۈندە ياراتتى، ھەر ئاسمانىنىڭ ئىشىنى ئۆزىگە بىلدۈردى (يەنى ھەر ئاسمانىنىڭ ئېھتىياجلىق ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى)، ئەڭ تۆۋەنكى ئاسمانىنى يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلىدۇق ۋە قوغدىدۇق، بۇ ئەنە شۇ غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى الله نىڭ تەقدىرىدۇر﴾ - سۈرە فۇسسىلەت 12 - ئايەت

5 - ﴿ ٱللَّهُ ٱلَّذِي خَلَقَ سَبۡعَ سَمَٰوَٰتٍ وَمِنَ ٱلۡأَرۡضِ مِثۡلَهُنَّ يَتَنَزَّلُ ٱلۡأَمۡرُ بَيۡنَهُنَّ لِتَعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٍ قَدِيرٌ وَأَنَّ ٱللَّهَ قَدۡ أَحَاطَ بِكُلِّ شَيۡءٍ عِلۡمَۢا ﴿١٢﴾ ﴾

﴿الله يەتتە ئاسمانىنى ياراتتى، زېمىنىمۇ ئاسمانلارغا ئوخشاش (يەتتە قىلىپ) ياراتتى، الله نىڭ ئەمرى بۇلارنىڭ ئارىسىدا جارى بولۇپ تۇرىدۇ، (سىلەرگە بۇنى بىلدۈرۈشۈم) الله نىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى ۋە الله نىڭ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلىدىغانلىقىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر﴾ - سۈرە تالاق 12 - ئايەت

6 - ﴿ ٱلَّذِي خَلَقَ سَبۡعَ سَمَٰوَٰتٍ طِبَاقٗاۖ مَّا تَرَىٰ فِي خَلۡقِ ٱلرَّحۡمَٰنِ مِن تَفَٰوُتٖۖ فَٱرۡجِعِ ٱلۡبَصَرَ هَلۡ تَرَىٰ مِن فُطُورٖ ﴿٣﴾ ﴾

﴿الله يەتتە ئاسمانىنى بىرىنى بىرىنىڭ ئۈستىدە قىلىپ ياراتتى، مېھرىبان الله نىڭ يارىتىشىدا ھېچقانداق نۇقسانىنى كۆرمەيسەن، سەن (ئاسمانلارغا) تەكرار قاراپ باققىنكى، بىرەر يوچۇقنى كۆرەمسەن؟﴾ - سۈرە مۇلك 3 - ئايەت



www.munber.org

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر تارقىتىش مەنبەسى

7 - ﴿ أَلَمْ تَرَوْا كَيْفَ خَلَقَ اللَّهُ سَبْعَ سَمَاوَاتٍ طِبَاقًا ﴿١٥﴾ ﴾

﴿سىلەر كۆرمىدىڭلارمىكىن، الله قانداق قىلىپ يەتتە ئاسماننى بىرىنىڭ ئۈستىدە بىرىنى قىلىپ ياراتتى﴾ - سۈرە نۇھ 14 - ئايەت

ئەقلىمەن قېرىندىشىم، يۇقىرىقىلارنى ئويلاپ كۆرۈڭ، بۇ ئويۇنتاماشا ئەمەس.

## قۇرئاندا تۇنجى ۋە ئاخىرقى قېتىم زىكىر قىلىنغان يەتتە

يەتتە سانى قۇرئان كەرىمدە تۇنجى قېتىم ئىككىنچى سۈرىنىڭ (يەنى سۈرە بەقەرەنىڭ) 29 - ئايىتىدە الله نىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدە زىكىر قىلىندى:

﴿ هُوَ الَّذِي خَلَقَ لَكُم مَّا فِي الْأَرْضِ جَمِيعًا ثُمَّ اسْتَوَىٰ إِلَى السَّمَاءِ فَسَوَّاهُنَّ سَبْعَ سَمَاوَاتٍ ۚ وَهُوَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ ﴿٢٩﴾ ﴾

﴿الله يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر (نىڭ مەنپەئەتلىنىشىڭلار) ئۈچۈن ياراتتى، ئاندىن ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلىنىپ، ئۇنى قۇسۇرسىز يەتتە ئاسمان قىلىپ تاماملىدى، الله ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر﴾ - سۈرە بەقەرە 29 - ئايەت

يەتتە سانى ئاخىرقى قېتىم قۇرئان كەرىمنىڭ نەبەئ سۈرىسىدە زىكىر قىلىندى:

﴿ وَبَنَيْنَا فَوْقَكُمْ سَبْعًا شِدَادًا ﴿١٢﴾ ﴾

﴿ئۈستۈڭلاردا مۇستەھكەم يەتتە ئاسماننى بىنا قىلدۇق﴾ - سۈرە



www.munber.org



نەبەئ 12 - ئايەت

ئەمدى تۆۋەندە مۇشۇ ئىككى ئايەت ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر نەچچە ھەقىقەت بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى.

بىرىنچى ھەقىقەت: قۇرئان كەرىمدە تۇنجى قېتىم زىكىر قىلىنغان يەتتە سانى بىلەن ئاخىرقى قېتىم زىكىر قىلىنغان يەتتە سانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا جەمئىي 77 سۈرە بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكىدۇر.

$7 \times 11 = 77$

ئىككىنچى ھەقىقەت: قۇرئان كەرىمدە تۇنجى قېتىم زىكىر قىلىنغان يەتتە سانى بىلەن ئاخىرقى قېتىم زىكىر قىلىنغان يەتتە سانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا جەمئىي 5649 ئايەت بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكىدۇر.

$7 \times 807 = 5649$

ئۈچىنچى ھەقىقەت: يەتتە سانى تۇنجى زىكىر قىلىنغان سۈرە بەقەرەنىڭ بىرىنچى ئايىتىدىن باشلاپ يەتتە سانى ئاخىرقى قېتىم زىكىر قىلىنغان ئايەت بىلەن قوشۇپ ھېسابلاپ كۆرسەك، بۇلار جەمئىي 5705 ئايەت بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكىدۇر.

$7 \times 815 = 5705$

تۆتىنچى ھەقىقەت: قۇرئان كەرىمنىڭ بىرىنچى سۈرىسى فاتىھەنىڭ بىرىنچى ئايىتىدىن باشلاپ تۇنجى قېتىم يەتتە سانى زىكىر قىلىنغان ئايەت ئوتتۇرىسىدا جەمئىي 35 ئايەت بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكىدۇر.

$7 \times 5 = 35$



www.munber.org

بەشىنچى ھەقىقەت: قۇرئان كەرىمنىڭ بىرىنچى سۈرىسى فاتىھەنىڭ بىرىنچى ئايىتىدىن باشلاپ ئاخىرقى قېتىم يەتتە سانى زىكىر قىلىنغان ئايەت ئوتتۇرىسىدا جەمئى **5684** ئايەت بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكىدۇر.

$$7 \times 812 = 5684$$

ئالتىنچى ھەقىقەت: سۈرە بەقەرەنىڭ بىرىنچى ئايىتىدىن باشلاپ تۇنجى قېتىم يەتتە سانى زىكىر قىلىنغان ئايەتكىچە جەمئى**28**ئايەت بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكىدۇر.

$$7 \times 4 = 28$$

يەتتىنچى ھەقىقەت: ئاخىرقى قېتىم يەتتە سانى زىكىر قىلىنغان ئايەتتىن باشلاپ نەبەئ سۈرىسىنىڭ ئاخىرىغىچە جەمئى **28** ئايەت بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكىدۇر.

$$7 \times 4 = 28$$

سەككىزىنچى ھەقىقەت: قۇرئان كەرىمنىڭ بېشىدىن باشلاپ يەتتە سانى ئاخىرقى قېتىم زىكىر قىلىنغان نەبەئ سۈرىسىنىڭ ئاخىرىغىچە سانايدىغان بولساق، بۇلار جەمئى **5712** ئايەت بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭھەسسىلىكى بولۇپ چىقىدۇ.

$$7 \times 816 = 5712$$

توققۇزىنچى ھەقىقەت: سۈرە بەقەرەنىڭ سۈرە نامىدا ئىشلىتىلگەن ھەرپلەرنىڭ سانى (البقره) ئالتە ، نەبەئ سۈرىسىنىڭ سۈرە نامىدا ئىشلىتىلگەن ھەرپلەرنىڭ سانى (النبا) بەش بولۇپ، بۇ ئىككى رەقەمدىن **56** شەكىللىنىدۇ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكىدۇر.

$$7 \times 8 = 56$$



www.munber.org



يۇقىرىقىلارنى خۇلاسىلەيدىغان بولساق، تۇنجى زىكىر قىلىنغان يەتتە بىلەن ئاخىرقى قېتىم زىكىر قىلىنغان يەتتە سانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىنسانىنى ھەيران قالدۇرىدىغان تۆۋەندىكى ھەقىقەتلەر نامايەن بولىدۇ:

يەتتە سانى بىرىنچى قېتىم زىكىر قىلىنغان سۈرە بىلەن ئاخىرقى قېتىم زىكىر قىلىنغان سۈرە ئوتتۇرىسىدىكى سۈرىلەر سانى يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكى.

يەتتە سانى بىرىنچى قېتىم زىكىر قىلىنغان ئايەت بىلەن ئاخىرقى قېتىم زىكىر قىلىنغان ئايەت ئوتتۇرىسىدىكى ئايەتلەر سانىمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكى.

قۇرئان كەرىمنىڭ بېشىدىن باشلاپ يەتتە سانى تۇنجى قېتىم زىكىر قىلىنغان ئايەتكىچە بولغان ئايەتلەر سانى يەنە شۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكى سانى.

قۇرئان كەرىمنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئاخىرقى قېتىم يەتتە سانى زىكىر قىلىنغان ئايەت سانىمۇ ھەم يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكى.

يەتتە سانى تۇنجى زىكىر قىلىنغان سۈرە يەنى ئىككىنچى سۈرىنىڭ بېشىدىن باشلاپ يەتتە سانى زىكىر قىلىنغان ئايەتكىچە بولغان ئايەتلەرنى سانىساقمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

يەتتە سانى ئاخىرقى قېتىم زىكىر قىلىنغان سۈرىنىڭ يەتتە سانى زىكىر قىلىنغان ئايىتىدىن باشلاپ شۇ سۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئايەتلەرنى سانىساقمۇ ھەم شۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكىدۇر.

خوش ئەقلى ئىنسان، سىزچە يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى تاسادىپىيلىقمىدۇ؟



www.munber.org

www.uyghurkitap.com



سىزنىڭچە بىر كىتابتا بىر سانىنىڭ مۇشۇنداق تەرتىپلىك، سىستېمىلىق ھالەتتە تىلغا ئېلىنىشى تاسادىپىيلىقمىدۇ؟

سىزچە ئالەمشۇمۇل، ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مۇشۇنداق بىر كىتابنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى ماتېماتىكىلىق نۇقتىدىن بىر سانغا شۇنداق ئەتراپلىق باغلاشتۇرۇش بىر ئىنساننىڭ قولىدىن كېلەرمۇ؟

يۇقىرىقى ھەقىقەتلەر قۇرئان كەرىمنىڭ يەتتە ئاسمان ۋە يەتتە زېمىننى ياراتقان ھەم ئۇنى تەرتىپلىك ھالەتتە ئۆز ئوقىدا ئايلاندۇرۇۋاتقان الله نىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلماسمۇ؟

## ئەڭ گۈزەل سۆز

ئەڭ گۈزەل سۆز، ئەڭ كاتتا سۆز، ئەڭ پەزىلەتلىك سۆز، ئەڭ مەرتىۋىلىك سۆز، ئەڭ ئاسان سۆز، ئەڭ يېقىملىق سۆز الله الله لەپزىدۇر، الله تائالا قۇرئان كەرىمدە بۇ لەپزىنى يەتتە ئاسماننى ياراتقان بۈيۈك الله نىڭ بارلىقىغا دالالەت قىلسۇن ئۈچۈن، يەنە شۇ يەتتە سانغا باغلىنىشلىق قىلىپ كەلتۈردى. قۇرئان كەرىمنى تەتقىق قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، ياراتقۇچىمىزنىڭ نامى(الله) قۇرئان كەرىمنىڭ تۇنجى سۈرىسى ۋە تۇنجى ئايىتىدە تىلغا ئېلىنغانلىقىنى كۆرىمىز، ئۇ ئايەت بولسىمۇ:

﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ۝١﴾

﴿ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ نامى بىلەن باشلايمەن﴾ ـ سۈرە فاتىھە 1 ـ ئايەت

www.munber.org





قۇرئان كەرىمدە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم زىكىر قىلىنغان(الله) لەپزى ئىخلاس سۈرىسىنىڭ ئىككىنچى ئايىتىدە:

﴿ٱللَّهُ ٱلصَّمَدُ ۝٢﴾

﴿ھەممە الله غا موھتاجدۇر﴾ ـ سۈرە ئىخلاس 2 ـ ئايەت

بۇ ئىككى ئايەت ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلارغا قىسقىچە قاراپ باقايلى: (سېلىشتۇرمىنىڭ تەپسىلاتىنى رىسالىمىزنىڭ ئۈچىنچى بابىدىن كۆرۈڭ):

## بىرىنچى ھەقىقەت: سۈرىلەر سانى

الله نامى تۇنجى قېتىم زىكىر قىلىنغان سۈرە فاتىھە بىلەن الله نىڭ نامى ئاخىرقى قېتىم زىكىر قىلىنغان ئىخلاس سۈرىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۈرىلەرنى سانايدىغان بولساق، توپتوغرا 112 سۈرە بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكىدۇر.

$7 \times 16 = 112$

## ئىككىنچى ھەقىقەت: ئايەتلەر سانى

الله نامى تۇنجى قېتىم زىكىر قىلىنغان سۈرە فاتىھەدىن باشلاپ الله نىڭ نامى ئاخىرقى قېتىم زىكىر قىلىنغان ئىخلاس سۈرىسىغىچە بولغان ئايەتلەرنى سانايدىغان بولساق، بۇلار توپتوغرا 6223 ئايەت بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكىدۇر.

$127 \times 7 \times 7 = 6223$

www.munber.org

## ئۈچىنچى ھەققەت: ھەرپلەر سانى

الله نىڭ نامى تۈنجى قېتىم زىكىر قىلىنغان سۈرە فاتىھەنىڭ بىرىنچى ئايىتىنىڭ ھەرپلىرى بىلەن الله نىڭ نامى ئاخىرقى قېتىم زىكىر قىلىنغان ئىخلاس سۈرىسىنىڭ ئىككىنچى ئايىتىنىڭ ھەرپلىرىنى قوشۇپ سانايدىغان بولساق، (سۈرە فاتىھەنىڭ بىرىنچى ئايىتى 19 ھەرپ، ئىخلاس سۈرىسىنىڭ ئىككىنچى ئايىتى 9 ھەرپ) بۇلار تۇپتوغرا 28 ھەرپ بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە ساننىڭ ھەسسىلىكىدۇر.

$$4 \times 7 = 28 = 9 + 19$$

قېرىنداشلار، سىلەرچە بۇمۇ بىر تاسادىپىيلىقتىن كېلىپ چىققانمىدۇ؟ ياكى بۇ يەتتە ساننىڭ زىكىر قىلىنىشى بۇ بۈيۈك مۆجىزە قۇرئان كەرىمنىڭ پۈتۈن كائىناتنى، يەتتە ئاسماننى، يەتتە زېمىننى ياراتقان زاتنىڭ كالامى ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىش ئۈچۈنمىدۇ؟

## تۈنجى سۈرە ۋە ئاخىرقى سۈرە

قۇرئان كەرىمنى ۋاراقلاپ كۆرىدىغان بولساق، قۇرئان كەرىمنىڭ بىرىنچى سۈرىسى سۈرە فاتىھە بولسا ئەڭ ئاخىرقى سۈرىسى الناس سۈرىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

| تۈنجى سۈرىنىڭ نومۇرى | ئاخىرقى سۈرىنىڭ نومۇرى |
|---|---|
| 1 | 114 |

بۇ ئىككى ساننىڭ بىرىنى بىرىگە قوشۇپ قارايدىغان بولساق، بۇلارنى قوشقاندىن كېيىنكى ئومۇمىي ساننىڭ يەتتە ساننىغا



www.munber.org



باغلىنىشلىق يەنە كېلىپ يەتتە ساننىڭ ھەسسىلىكى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز، تەپسىلاتىغا قىزىقسىڭىز تۆۋەندىكى سان - سىفىرلارغا قاراڭ:

$$7 = 1 + 1 + 4 + 1 \quad 163 \times 7 = 1141$$

بىز يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدىن تاشقىرى، قۇرئان كەرىم يەنە بىر نەچچە خىل خۇسۇسىيىتى بىلەن ئۇزىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نامايەن قىلىدۇ، بۇلار بولسا قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەت، سۈرە ۋە ئۇنىڭ نازىل قىلىنىش يىللىرىنىڭ سانى. قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىنى سانايدىغان بولساق تۇپتوغرا 6236 بولۇپ چىقىدۇ، قۇرئان كەرىمنىڭ سۈرىلىرىنىڭ سانى 114 ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز، قۇرئان كەرىم الله تەرىپىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ۋاقىت بولسا تۇپتوغرا 23 يىل. بىز يەنە شۇنى ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەككى، قۇرئان كەرىمدە زىكىر قىلىنغان ھەر بىر سان ھېچقانداق بىر مەخلۇقنىڭ كىتابىدا تىلغا ئېلىنغان ئەمەس. مەسىلەن ئالايلى، قايسى كىتابنىڭ ئومۇمىي ئايەتلىرىنىڭ سانى قۇرئان كەرىمنىڭكىگە ئوخشايدۇ؟ قايسى كىتابنىڭ سۈرىلىرى ۋە ياكى يېزىلىش، رەتلىنىش ئۇسلۇبى قۇرئان كەرىمگە ئوخشىغان؟ دۇنيا ساھەسىدە قايسى يازغۇچى ئۆزىنىڭ كىتابىنى مەڭگۈلۈك قانۇنلۇق دەستۇر دەپ ئېلان قىلالىغان؟ قايسى مەشھۇر يازغۇچى بىرەر كىتابىنى خاتالىقتىن خالى كىتاب، دەپ ئېلان قىلالىغان؟ قايسى بىر مەشھۇر يازغۇچى ئۆزىنىڭ كىتابىغا ئوخشاش بىرەر كىتابنى يازالايدىغانلار بارمۇ دەپ مەيدان تەلەپ قىلغان؟ قايسى بىر كىتاب 1400 يىل مابەينىدە پۈتۈن ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، ھەممە تەرەپلەردە ئۆز ئالاھىدىلىكىنى نامايەن قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ؟ قايسى بىر كىتاب 1400 يىلدىن بېرى بىر بەتمۇ، بىر قۇرمۇ، بىر خەتمۇ، ھەتتا بىر ھەرپمۇ ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلمەي ئۆزىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاپ قالالىغان؟



www.munber.org

www.uyghurkitap.com

مانا يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويغانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى قۇرئان كەرىمدە تېپىلىدۇ، يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىزنىڭ بىرەرسىگە شەك كۆزى بىلەن قارايدىغانلار بۇنى تەكشۈرۈپ باقسا بولىدۇ، قۇرئان ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆيىدە بار، ئۇنى ئوقۇپ كۆرسۇن، تەكشۈرۈپ كۆرسۇن، قايسى بىر يەردە بىر ئېغىز ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن ئىكەن، تەھلىل قىلىپ كۆرسۇن، ئۇنىڭدىن كېيىن تەۋراتقا قارىسۇن ياكى ئىنجىلغا قارىسۇن، ياكى بۇددالارنىڭ ساتىرلىرىغا قارىسۇن، ھەققەت قايسى، باتىل قايسى، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنى قايسى، چىنلىقتىن يىراقلىرى قايسى ئىكەن تېپەككۇر قىلىپ كۆرسۇن... ئەقىل ئىگىلىرى پەرقلەندۈرەلەيدۇ.

ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كېلەيلى. قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى، سۈرىلىرى، نازىل قىلىنىش يىل سانلىرىنى بىر يەرگە ئەكېلىپ قارايدىغان بولساق بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىنتايىن زىچ باغلىنىشلىق بارلىقىنى، بولۇپمۇ بۇ سانلارنىڭ يەتتە سانىغا ئالاھىدە باغلىنىشلىق بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز، بۇنى تۆۋەندىكى سېلىشتۇرمىلاردىن كۆرۈڭ.

## قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى ۋە سۈرىلىرى

1 - قۇرئان كەرىمنىڭ 6236 ئايىتى بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ 114 سۈرىسىدىن شەكىللەنگەن سانغا قارايدىغان بولساق تۆۋەندىكى يەتتە خانىلىق سانى كۆرىمىز. 114 6236 بۇ ئىككى ساننىڭ خاھى ئايەت سانىنى ئالدىغا قويۇۋاق، خاھى سۈرە سانىنى ئالدىغا قويۇۋاق ئوخشاشلا يەنە شۇ يەتتە ساننىڭ ھەسسىلىكى بولۇپ چىقىدۇ، يەنە بۇ ئىككى سانغا قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل قىلىنىش يىل سانىنى قوشۇپ، بۇ ساننىمۇ ئۆزىمىز خالىغانچە يۇقۇرىدا دېيىلگەن ئىككى ساننىڭ ئالدىغا ياكى كەينىگە قويۇپ



www.munber.org



قارىساقمۇ يەنە شۇ يەتتە ساننىڭ ھەسسىلىكى بولۇپ چىقىدۇ، بۇلارنىڭ تەپسىلاتىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈڭ.

$1146236 = 7 \times 163748$ سۈرە سانى ئالدىغا قويۇلغىنى

$6326411 = 7 \times 903773$ سۈرە سانى كەينىگە قويۇلغىنى

$23 = 1 + 1 + 4 + 6 + 2 + 3 + 6$ سۈرە ، ئايەت، قۇرئان نازىل قىلىنغان 23 قوشۇلمىسى

### قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى ۋە نازىل قىلىنىش يىل سانى

قۇرئان كەرىمنىڭ 6236 ئايىتى بىلەن قۇرئان كەرىم نازىل قىلىنغان 23 يىلنى قوشۇپ، تۆۋەندىكى ئالتە خانىلىق سانىنى تۈزەلەيمىز 23 6236 .

بۇ ئىككى ساننىڭ خاھى ئايەت سانىنى ئالدىغا قويۇۋاق، خاھى نازىل قىلىنىش يىل سانىنى ئالدىغا قويۇۋاق ئوخشاشلا بۇلار يەتتە ساننىڭ ھەسسىلىكى بولۇپ چىقىدۇ، يەنە بۇ ئىككى سانغا قۇرئان كەرىمنىڭ 114 سۈرە سانىنى قوشۇپ بۇ ساننىمۇ ئۆزىمىز خالىغانچە يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان ئىككى ساننىڭ ئالدىغا ياكى كەينىگە قويۇپ قارىساقمۇ يەنە شۇ يەتتە ساننىڭ ھەسسىلىكى بولۇپ چىقىدۇ. تەپسىلاتىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈڭ.

$236236 = 7 \times 33748$ قۇرئان نازىل قىلىنغان 23 يىل ئالدىغا قۇيۇلغىنى

$632632 = 7 \times 90376$ قۇرئان نازىل قىلىنغان 23 يىل كەينىگە قۇيۇلغىنى

## قۇرئان كەرىمنىڭ سۈرىلىرى ۋە نازىل قىلىنىش يىل سانى

قۇرئان كەرىمنىڭ 114 سۈرىسى بىلەن قۇرئان كەرىم نازىل



www.munber.org

قىلىنغان 23 يىلنى قوشۇپ تۈۋەندىكى بەش خانىلىق سانىنى تۈزۈشكە بولىدۇ **23 114** .

بۇ ئىككى سانىنىڭ خاھى سۈرە سانىنى ئالدىغا قويۇڭ، خاھى نازىل قىلىنىش يىللىق سانىنى ئالدىغا قويۇڭ ئوخشاشلا بۇلار يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكى بولۇپ چىقىدۇ، يەنە بۇ ئىككى سانغا قۇرئان كەرىمنىڭ 6236 ئايىتىنى قوشۇپ بۇلاردىن شەكىللەنگەن سانىمۇ ئۆزىمىز خالىغانچە يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئىككى سانىنىڭ ئالدىغا ياكى كەينىگە قويۇپ قارىساقمۇ يەنە شۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز، بۇلارنىڭ تەپسىلاتىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈڭ.

23114 = 7 × 3302 قۇرئان نازىل قىلىنغان 23 يىل ئالدىغا قۇيۇلغىنى

41132 = 7 × 5876 قۇرئان نازىل قىلىنغان 23 يىل كەينىگە قۇيۇلغىنى

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەقىقەتلەردىن سىرت يۇقىرىقى مەسىلىگە قايتا قارايدىغان بولساق، مەسىلىمىز ئۈچ نۇقتىدىن شەكىللەنگەن بولۇپ بىرىنچى نۇقتا يەتتە خانىلىق ساندىن تەركىب تاپىدۇ، ئىككىنچى نۇقتا ئالتە خانىلىق ساندىن تەركىب تاپىدۇ، ئۈچىنچى نۇقتا بەش خانىلىق ساندىن تەركىب تاپىدۇ، بۇلارنى قوشۇپ قارايدىغان بولساق، بۇ سانمۇ ھەم يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكى بولىدۇ.

بىرىنچى نۇقتا (1146236) 7 خانىلىق ساندىن تەركىب تاپىدۇ.

ئىككىنچى نۇقتا (236236) 6 خانىلىق ساندىن تەركىب تاپىدۇ.



www.munber.org



ئۈچىنچى نۇقتا (23114) 5 خانىلىق ساندىن تەركىب تاپىدۇ.

بۇ رەقەملەردىن شەكىللەنگەن سانىنىڭمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالىمىز.

$81 \times 7 = 567$

قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى، سۈرىلىرى، ھەتتا نازىل قىلىنغان يىل سانلىرىنىڭ بىر سانغا مۇشۇنداق باغلىنىشلىق بوۋشى بۇ بۇيۇك كىتابنىڭ ھەممە ئىشلارنى پۇختا پىلانلىغۇچى الله نىڭ كىتابى ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلماسمۇ ؟

## قۇرئان كەرىمنىڭ سۆزلۈكلىرى

بىز بىر باسقۇچ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قۇرئان كەرىمنىڭ لەپىزلىرىنى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى، قۇرئان كەرىمنىڭ سۈرىلىرىنىڭ نازىل قىلىنىش تەرتىپى بىز ئوقۇۋاتقان قۇرئان كەرىمنىڭ تەرتىپىدىن ئازراق پەرقلىنىدىغانلىقىنى ھەممىمىز بىلىمىز، بەزىلەر، قۇرئان كەرىم نازىل قىلىنغان تەرتىپى بىلەن ھازىرقى ھالەتتىكى قۇرئان كەرىمنىڭ تەرتىپىنى قىسقىچە تەھلىل قىلىپ كۆرسەك بۇلارنىڭ يەتتە سانىغا بىرەر باغلىنىشلىقى بارمۇ-يوق ۋە ياكى بىرەر زىتلىق ئاشكارا بولۇپ قالامدۇ؟ دەپ ئويلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. بىزنىڭ بېرىدىغان جاۋابىمىز شۇكى، قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل قىلىنىش رەت تەرتىپى ھازىرقى قۇرئان كەرىمنىڭ تەرتىپىدىن پەرقلىنىدۇ، بۇنىڭدىكى ئاساسى سەۋەب قۇرئان كەرىم ئەينى دەۋردىكى جەمئىيەتتە سادىر بولغان ۋەقەلىكلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەھۋالغا قاراپ، قۇرئان كەرىمنىڭ بەزى ئايەتلىرى بۇرۇن بەزى ئايەتلىرى كېيىن نازىل قىلىنغان، لىكىن ھەر بىر ئايەت، سۈرە نازىل قىلىنغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام



www.munber.org

www.uyghurkitap.com
www.munber.org

ساھابىلىرىغا قايسى ئايەتنى قايسى ئايەتنىڭ باش قىسمىغا ياكى ئاخىرقى قىسمىغا قويۇپ رەتلەشنى كۆرسىتىپ بەرگەن، شۇ ئەھۋاللارغا قاراپ قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل قىلىنىشلىرى بولسۇن ۋە ياكى قايتا رەتلىنىشلىرى بولسۇن، ھەممىسى لەۋھۇلمەھفۇزدىكى قۇرئان كەرىمنىڭ تەرتىپى بىلەن ئوخشاش دەپ قارايمىز ھەمدە شۇنداق ئېتىقاد قىلىمىز. شۇنداق ئىكەن قۇرئان كەرىمنىڭ ھەر بىر ھەرپىنىڭ بىر ـ بىرىگە باغلىنىشلىق بولۇشى تەبىئى ئەھۋال. خوش، ئۇنداقتا قۇرئان كەرىمنىڭ بىرىنچى سۆزلۈكى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى سۆزلۈكىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرەر باغلىنىش بارمۇ ـ قانداق؟ بۇنى ئىككى خىل نۇقتىدىن تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ.

1. قۇرئان كەرىمنىڭ ھازىرقى رەت تەرتىپىدىكى بىرىنچى ۋە ئاخىرقى سۆزلۈك

2. قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل قىلىنىش ھالىتىدىكى بىرىنچى ۋە ئاخىرقى سۆزلۈك

بۇنى تۆۋەندىكى قىسقىچە تەھلىلدىن كۆرۈۋالايلى.

قۇرئان كەرىمنىڭ ھازىرقى تەرتىپىدىكى بىرىنچى ۋە ئاخىرقى سۆزلۈك :

قۇرئان كەرىمدە تۇنجى زىكىر قىلىنغان سۆز سۈرە فاتىھەنىڭ بىرىنچى ئايىتى ﴿ بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَـٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴾ دىكى ﴿ بِسْمِ ﴾ سۆزىدۇر، قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا زىكىر قىلىنغان سۆزلۈكى بولسا ناس سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئايىتى ﴿ مِنَ ٱلْجِنَّةِ وَٱلنَّاسِ ﴾ دىكى ﴿ وَٱلنَّاسِ ﴾ سۆزىدۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ بېشىدا تۇنجى زىكىر قىلىنغان سۆز قۇرئان كەرىمدە 22 قېتىم تەكرارلانغان، قۇرئان





كەرىمنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا زىكىر قىلىنغان سۆز قۇرئان كەرىمدە 241 قېتىم تەكرارلانغان.

تۇنجى زىكىر قىلىنغان سۆز ئەڭ ئاخىرىدا زىكىر قىلىنغان سۆز

| | |
|---|---|
| بسم الله | الناس |
| 22 | 241 |

بۇلاردىن شەكىللەنگەن سان24122 بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكى.

$$3446 \times 7 = 24122$$

قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل قىلىنغان ھالىتىدىكى بىرىنچى سۆز ۋە ئاخىرقى سۆز :

تۇنجى قېتىم نازىل قىلىنغان سۆز ﴿ ٱقْرَأْ بِٱسْمِ رَبِّكَ ٱلَّذِى خَلَقَ ﴾ ﴿ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن﴾ (سۈرە ئەلەق 1 ـ ئايەت) تىكى ﴿ ٱقْرَأْ ﴾ ﴿ئوقۇغىن﴾ دېگەن سۆزدۇر. ئەڭ ئاخىرىدا نازىل قىلىنغان سۆز ﴿ وَٱتَّقُوا۟ يَوْمًا تُرْجَعُونَ فِيهِ إِلَى ٱللَّهِ ۖ ثُمَّ تُوَفَّىٰ كُلُّ نَفْسٍ مَّا كَسَبَتْ وَهُمْ لَا يُظْلَمُونَ ﴿٢٨١﴾ ﴾ ﴿سىلەر شۇنداق بىر كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقۇڭلاركى، ئۇ كۈندە سىلەر الله نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاندىن ھەر كىشى قىلغان (ياخشى ـ يامان) ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى تولۇق كۆرىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشى ئەمەلى كېمەيتىلىپ،

يامان ئەمەلى كۆپەيتىلمايدۇ)﴾ [سۈرە بەقەرە 281 ـ ئايەت] تىكى ﴿

لَا يُظۡلَمُونَ ﴾ ﴿زۇلۇم قىلىنمايدۇ﴾ دېگەن سۆزدۇر. بىز يۇقىرىدىكى

قائىدىنى بۇ يەردە تەتبىقلاپ كۆرەيلى. ﴿ئوقۇغىن﴾ دېگەن سۆز قۇرئان كەرىمدە ئۈچ ئورۇندا زىكىر قىلىنىدۇ، ﴿زۇلۇم قىلىنمايدۇ﴾ دېگەن سۆز قۇرئان كەرىمدە 15 ئورۇندا زىكىر قىلىنىدۇ.

ئاخىردا نازىل قىلىغان سۆز تۇنجى نازىل قىلىنغان سۆز

15 3

بۇلاردىن شەكىللەنگەن سان 315 بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكىدۇر.

$45 \times 7 = 315$

يەنە بۇ يەردە شۇنى ئويلىنىشىمىز كېرەككى، ئىسلام دىنىنىڭ تۇنجى نىداسى بولغان ۋەھيى{ئوقۇغىن} دەپ، بىلىم ئېلىشنىڭ نەقەدەر زور ئەھمىيىتى بارلىقىنى بايان قىلىپ نازىل قىلىنغان بولسا، ئىسلامىيەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىداسى{زۇلۇم قىلىنمايدۇ} دەپ، زۇلۇم قىلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى، ھەممە ئىشتا ئادىللىق قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى بايان قىلىش بىلەن ئاخىرلاشقاندۇر. جەمئىيەتنى چۈشەنگەن ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى شۇنى ھېس قىلىدۇكى، ھەر قانداق جەمئىيەتتىكى قانۇن ـ ئىنتىزام بىلىم ـ مەرىپەت بىلەن ئادىللىقنى ئۆزىگە ئۆلچەم قىلمىسا، ئۇنداق جەمئىيەتتىكى قانۇن خەلققە زۇلۇم قىلىدىغان، جاھالەتكە يېتەكلەيدىغان، ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى ۋەيران قىلىدىغان زوراۋان بىر ئامىل بولۇپ قالىدۇ، ئىسلامىيەت نازىل قىلىنغان دەۋرىدىمۇ بۇ ھەقىقەتنى كىشىلەرگە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن تۇنجى ھىدايەت ساداسى ﴿ئوقۇغىن﴾ دىن باشلىنىپ، ئاخىرقى نىداسى



www.munber.org



﴿زۇلۇم قىلىنمايدۇ﴾ ئادىللىق قىلىشقا تەرغىب قىلىش بىلەن ئاخىرلاشقاندۇر.

# قۇرئاننىڭ قىيامەت كۈنىگىچە ساقلىنىدىغانلىقىغا الله نىڭ بەرگەن ۋەدىسى

الله تائالا قۇرئان كەرىمدە بۇ توغرىدا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِنَّا نَحۡنُ نَزَّلۡنَا ٱلذِّكۡرَ وَإِنَّا لَهُۥ لَحَٰفِظُونَ ٩ ﴾

﴿قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز﴾ ـ سۈرە ھىجر 9 ـ ئايەت

يۇقىرىقى ئايەتنىڭ باش قىسمىدىكى ﴿ إِنَّا﴾ دېگەن سۆز ئۈچ ھەرپتىن شەكىللەنگەن، ئاخىرىدىكى ﴿ لَحَٰفِظُونَ﴾ دېگەن سۆز ئالتە ھەرپتىن شەكىللەنگەن.

﴿ إِنَّا نَحۡنُ نَزَّلۡنَا ٱلذِّكۡرَ وَإِنَّا لَهُۥ لَحَٰفِظُونَ ٩ ﴾

3 6

بۇلاردىن شەكىللەنگەن سان 63 بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكىدۇر.

$9 \times 7 = 63$

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ 63 يىل ئۆمۈر كۆرگەن.

يۇقىرىدىكى ئايەت جەمئى 28 ھەرپتىن شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ



www.munber.org

www.uygurkitap.com

سانمۇ ھەم يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكى بولۇپ چىقىدۇ.

$$4 \times 7 = 28$$

ئەرەب ئېلىپبەسىمۇ ئوخشاشلا 28 ھەرپتىن شەكىللەنگەندۇر، 28 ھەرپتىن شەكىللەنگەن تىل بىلەن قۇرئان كەرىم نازىل قىلىنىپ، شۇ قۇرئان كەرىمنى قىيامەت كۈنىگىچە ھېچقانداق ئۆزگەرتىلىش كىرگۈزۈلمەي قوغدايدىغانلىقى بايان قىلىنغان ئايەتمۇ تويتوغرا 28 ھەرپتىن شەكىللەنگەندۇر، بۇ ئەقىل ئېگىسىنى ئويغا سالماي قالمايدۇ ئەلۋەتتە.

يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ ھەر بىر سۆزلۈكىنىڭ ھەرپلىرىنى ئايرىم يېزىپ قارايدىغان بولساق، تۆۋەندىكى سانلار نامايەن بولىدۇ:

﴿ إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا ٱلذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُۥ لَحَٰفِظُونَ ۝٩ ﴾

6 2 3 5 1 5 3 3

يۇقىرىقى سۆزلۈكلەرنىڭ ھەرپ سانلىرىنى ئىپادىلەيدىغان رەقەملەردىن بىر سان شەكىللەندۈرسەك، بۇ سان 62315533 بولۇپ، بۇمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكىدۇر.

$$8902219 \times 7 = 62315533$$

## يۇقىرىقى ئايەتنىڭ قۇرئان كەرىمنىڭ تۇنجى ئايىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

بىز يۇقىرىدىكى ھىجر سۈرىسىنىڭ 9 - ئايىتى بىلەن سۈرە فاتىھەنىڭ 1 - ئايىتىنى تەھلىل قىلىپ قارايدىغان بولساق، بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن قويۇق باغلىنىشنىڭ بارلىقىنى



www.munber.org



شۇنداقلا بۇ باغلىنىشنىڭ يەتتە سانى بىلەن ئىنتايىن ئالاقىدار ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز، تۆۋەندىكى بىر نەچچە قۇرغا دىققەت قىلايلى:

قۇرئان كەرىمنىڭ باش سۈرىسىنىڭ تۇنجى ئايىتىنىڭ نومۇرى 1. قۇرئان كەرىمنى قىيامەت كۈنىگىچە قوغداشقا ۋەدە بېرىلگەن ئايەتنىڭ نومۇرى 9 .

| تۇنجى ئايەت نومۇرى | قوغداشقا ۋەدە بېرىلگەن ئايەت نومۇرى |
|---|---|
| 1 | 9 |

بۇلاردىن شەكىللەنگەن سان 91 بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكىدۇر.

$$13 \times 7 = 91$$

ئۇنىڭدىن سىرت، قۇرئان كەرىمنىڭ تۇنجى سۈرىسىنىڭ1 - ئايىتى جەمئى تۆت سۆزدىن شەكىللەنگەن، قۇرئان كەرىمنى قىيامەت كۈنىگىچە قوغداشقا ۋەدە بېرىلگەن ئايەت بولسا سەككىز سۆزدىن شەكىللەنگەن.

| تۇنجى ئايەت | قوغداشقا ۋەدە بېرىلگەن ئايەت |
|---|---|
| 4 سۆز | 8 سۆز |

بۇلادىن شەكىللەنگەن سان 84 بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكىدۇر.

$$12 \times 7 = 84$$

﴿ بِسْمِ ٱللَّهِ ﴾ بىلەن قۇرئان قوغدىلىشقا ۋەدە بېرىلگەن ئايەتنىڭ

سۈرە نومۇرى ۋە ئايەت نومۇرىنىڭ باغلىنىشى



www.munber.org

﴿ بِسۡمِ ٱللَّهِ ﴾ بولسا قۇرئان كەرىمدىكى بىرىنچى سۈرىنىڭ بىرىنچى ئايىتىدۇر، قۇرئان قوغدىلىشقا ۋەدە بېرىلگەن ئايەت بولسا 15 - سۈرىنىڭ 9 - ئايىتىدۇر.

| تۇنجى ئايەت | | قوغداشقا ۋەدە بېرىلگەن ئايەت | |
|---|---|---|---|
| سۈرە نۇمۇرى | ئايەت نۇمۇرى | سۈرە نۇمۇرى | ئايەت نۇمۇرى |
| 1 | 1 | 15 | 9 |

بۇلارنى قوشقاندىن كېيىن شەكىللەنگەن سان 91511 بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكىدۇر.

$$13073 \times 7 = 91511$$

قۇرئان قوغدىلىشقا ۋەدە بېرىلگەن ئايەت بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ ئومۇمىي ئايەت نۇمۇرلىرىنىڭ باغلىنىشى

قۇرئان كەرىم جەمئى 6236 ئايەتتۇر، قۇرئان كەرىم قوغدىلىشقا ۋەدە بېرىلگەن ئايەتنىڭ نۇمۇرى بولسا 9 .

قۇرئاننىڭ جەمئى ئايىتى قوغداشقا ۋەدە بېرىلگەن ئايەت نۇمۇرى

6236 9

بۇلاردىن شەكىللەنگەن سان 96236 بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكىدۇر.

$$1964 \times 7 \times 7 = 96236$$

قۇرئان كەرىم قوغدىلىشقا ۋەدە بېرىلگەن ئايەت بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ ئومۇمىي سۈرىلىرىنىڭ باغلىنىشى

قۇرئان كەرىم جەمى 114 سۈرەدۇر ، قۇرئان كەرىم قۇغدىلىشقا ۋەدە بىرىلگەن ئايەت نۇمۇرى 9 - دۇر



www.munber.org



قۇرئاننىڭ سۈرە سانى قوغدىلىشقا ۋەدە بېرىلگەن ئايەت نۇمۇرى

114 9

بۇلاردىن شەكىللەنگەن سان 9114 بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكىدۇر.

$$186 \times 7 \times 7 = 9114$$

خوش ئەقلىمەن قېرىندىشىم، قۇرئان كەرىمنىڭ قىيامەت كۈنىگىچە قوغدىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان بىر ئايەتنىڭ قۇرئان كەرىمنىڭ ئومۇمىي سۈرىلىرى، ئومۇمىي ئايەتلىرى بىلەن، ھەتتاكى قۇرئان كەرىمنىڭ باش سۈرىسى ۋە باش ئايىتى بىلەن شۇنداق باغلىنىشلىق بولۇپ قېلىشى سىزچە پەقەت بىر تاسادىپىيلىقتىن ئىبارەتمىدۇ؟ ياكى بۇنىڭدا پۈتۈن كائىناتنى يوقتىلىق بىلەن ياراتقان بۈيۈك زاتنىڭ بىرەر ھېكمىتى بارمىدۇ؟ ياكى سىزچە بۇنى ماتېماتىكىدىن ھەتتا خەت يېزىشتىنمۇ ساۋادى بولمىغان بىر پەيغەمبەر تۈزۈپ چىققانمىدۇ؟ ئەقلىمەن ئىنسان، ئەقلىڭىزنى ئىشلىتىپ كۆرۈڭ، يەنە بىر ھەقىقەتنى تەكرارلايمىز، تاسادىپىيلىق كۆز قارىشى بىلەن قارىماقچى بولسىڭىز شۇنى ئۇچۇق بىلىشىڭىز كېرەككى، بىرەر ئىشنىڭ تاسادىپىيلىقتىن ھاسىل بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى مىڭدىن بىر پىرسەنت بولىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ ھەر بىر ئايىتى، ھەر بىر سۈرىسى، ھەتتا مۇشۇ قۇرئان كەرىم قوغدىلىشقا ۋەدە بېرىلگەن بىر ئايەتنىڭ قۇرئان كەرىمنىڭ ھەر بىر سۈرە ۋە ھەر بىر ئايەتلىرىگىچە باغلىنىشلىق بولۇپ قېلىشى سىزنىڭچە مۇشۇنداق مىڭدىن بىر پىرسەنت بولىدىغان تاسادىپىيلىقتىنمىدۇ؟ ئويلاپ كۆرۈڭ، الله سىزگە ئەقلنى ئويلىنىشقا، تەپەككۇر قىلىشقا، بىرەر نەرسىنى چۈشىنىشكە، ئۆزىنىڭ بۈيۈكلىكىنى ئىدراك قىلىشقا، ئۆزىگە تائەت - ئىبادەت قىلىشقا ھەمدە شۇنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا ئۆز ئىلاھىنىڭ



www.munber.org

زېمىندىكى خەلىفىلىكنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، زېمىننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بېرىلگەن سوۋغىسى، ئامانىتىدۇر، ئامانەتكە ۋاپا قىلىش ئەقىللىق ئىنساننىڭ ئىشىدۇر.

﴿بەندىمىز (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) گە بىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار، (قۇرئانغا تەئەررۇز قىلىشقا) الله تىن باشقا ياردەمچىڭلارنىڭ ھەممىسىنى (ياردەمگە) چاقىرىڭلار، (قۇرئان ئىنساننىڭ سۆزى دېگەن گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار. ئەگەردە مۇنداق قىلالمىساڭلار - ھەرگىزمۇ قىلالمايسىلەر - كافىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان، ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان دەۋزەختىن ساقلىنىڭلار﴾ - سۈرە بەقەرە 23 - 24 ئايەتلەر

﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن، شۈبھىسىزكى، سەن (بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى) بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن﴾ - سۈرە ئال ئىمران 8 - ئايەت





# ئىككىنچى باب

## قۇرئاننىڭ تۇنجى ئايىتى توغرىسىدا قىسقىچە تەھلىل

- سۈرە فاتىھە قۇرئان كەرىمنىڭ بىرىنچى سۈرىسى

- سۈرە فاتىھەنىڭ تۇنجى ئايىتى ﴿ بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ﴾

- بۇ ئايەت تۆت سۆز، 19 ھەرپتىن شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ 19 ھەرپ ئىچىدىن تەكرار زىكىر قىلىنغان ھەرپلەرنى چىقىرىۋەتسەك 10 ھەرپ قالىدۇ.

- 19 ھەرپ ئىچىدە تۇلۇق تەلەپپۇز قىلىنىدىغىنى 18 ھەرپ.

- بۇ ئايەتتىكى تۆت سۆزنىڭ قۇرئان كەرىمدە زىكىر قىلىنىش ئەھۋالى:

﴿ بِسۡمِ ﴾ دېگەن سۆز قۇرئان كەرىمدە 22 قېتىم زىكىر قىلىنىدۇ .

﴿ ٱللَّهِ ﴾ دېگەن سۆز قۇرئان كەرىمدە 2699 قېتىم زىكىر قىلىنىدۇ .

﴿ ٱلرَّحۡمَٰنِ ﴾ دېگەن سۆز قۇرئان كەرىمدە 57 قېتىم زىكىر



www.munber.org

قىلىندۇ .

﴿ ٱلرَّحِيمِ ﴾ سۆزى قۇرئان كەرىمدە **115** قېتىم زىكىر قىلىندۇ .

قۇرئان كەرىمنىڭ تۇنجى سۈرىسىنىڭ تۇنجى ئايىتى ﴿ بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴾ {ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللہ نىڭ نامى بىلەن باشلايمەن.} (سۈرە فاتىھە1 ـ ئايەت) بولۇپ، بۇ ئايەتتە تۆت سۆز

﴿ بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴾

**1 1 1 1**

ۋە **19** ھەرپ بار.

﴿ بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴾

**6 6 4 3**

بۇلاردىن شەكىللەنگەن سان **6643** بولۇپ، بۇمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكىدۇر.

$949 \times 7 = 6643$

يۇقىرىقى ئايەت نىڭ تۇنجى سۆزلۈكى ﴿ بِسۡمِ ﴾ قۇرئان كەرىمدە **22** ئورۇندا زىكىر قىلىنغان، ئاخىرقى سۆزلۈكى **115** ئورۇندا زىكىر قىلىنغان.

www.munber.org





﴿ بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴾

**115 22**

بۇلاردىن كېيىن شەكىللەنگەن سان **11522** مۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكىدۇر.

$1646 \times 7 = 11522$

## قۇرئان كەرىمنىڭ بىرىنچى ئايىتى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى ئايىتى ئۇتتۇرىسىدىكى باغلىنىش

بىرىنچى ھەقىقەت: قۇرئان كەرىمنىڭ تۇنجى ئايىتى ﴿ بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴾ بولۇپ، بۇ سۈرە فاتىھەنىڭ **1** ـ ئايىتى، تۆت سۆزدىن تەركىب تاپقان. قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئايىتى {الناس} سۈرىسىنىڭ **6** ـ ئايىتى بولۇپ، بۇمۇ تۆت سۆزدىن تەركىب تاپقان.

| تۇنجى ئايەت | | قۇرئاننىڭ ئەڭ ئاخىردىكى ئايەت | |
|---|---|---|---|
| ئايەت نومۇرى | سۆز سانى | ئايەت نومۇرى | سۆز سانى |
| 1 | 4 | 6 | 4 |

بۇلاردىن شەكىللەنگەن سان **4641** بولۇپ، بۇمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكىدۇر.

$663 \times 7 = 4641$

www.munber.org

ئىككىنچى ھەقىقەت: يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سۆزلۈك سانى بىلەن ئايەت سانىغا سۈرە سانىنى قوشۇپ شەكىللەنگەن سانغا قارىساق، يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

تۇنجى ئايەت  قۇرئان نىڭ ئاخىردىكى ئايەت

سۈرە ئايەت سۆز  سۈرە  ئايەت سۆز

4 1 1   4 6 114

بۇلاردىن شەكىللەنگەن سان **46114411** بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكىدۇر.

$$6587773 \times 7 = 46114411$$

ئۈچىنچى ھەقىقەت: يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سۆزلۈك سانى بىلەن ئايەت سانى ۋە سۈرە سانىغا بۇ ئىككى ئايەتنىڭ ھەرپ سانىنى قوشۇپ شەكىللەنگەن سانغا قارايدىغان بولساق، يەنىلا يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

قۇرئانىنىڭ تۇنجى ئايىتى  قۇرئانىنىڭ ئاخىرقى ئايىتى

سۈرە ئايەت سۆز ھەرپ * سۈرە ئايەت سۆز ھەرپ

6 114 19 4 1 1   13 4

بۇلاردىن شەكىللەنگەن سان **134611419411** مۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكى.

$$19230202773 \times 7 = 134611419411$$

تۆتىنچى ھەقىقەت: بىز بۇ يەردە يەنە شۇنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەمىگە سالىمىزكى، قۇرئان كەرىمنىڭ ھەر بىر سۈرە، ئايەت، ھەرپلىرىگىچە ئاجايىپ ھەيران قالارلىق مۆجىزىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، قۇرئان كەرىمنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى ھەتتا قۇرئان

www.munber.org





كەرىمدە شەكىللەنگەن ھەر بىر ھەرپىنىڭ ئۆزىنى مۇستەقىل بىر مۆجىزە دىسەك ھەرگىز مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز. بىز يەنە شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، قۇرئان كەرىمنىڭ تۇنجى ئايىتى بىرىنچى سۈرىنىڭ بىرىنچى ئايىتى بولۇپ، ئۇ تۆت سۆز ۋە **19** ھەرپتىن شەكىللەنگەن. بولۇپ بۇلاردىن شەكىللەنگەن سانىنىڭ يەتتە سانى بىلەن باغلىنىشلىق بولۇشىنىڭ ئۆزى ئىنسانىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر مۆجىزىدۇر.

سۈرە  ئايەت  سۆزلۈك سانى  ھەرپلىرى

1 19 4 1

بۇلاردىن شەكىللەنگەن سان **19411** بولۇپ، بۇمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكىدۇر.

$$2773 \times 7 = 19411$$

بەشىنچى ھەقىقەت: قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئايىتىنى تەھلىل قىلىپ قارىساق، بۇنىڭدىمۇ قۇرئان كەرىمنىڭ تۇنجى سۈرىسىنىڭ تۇنجى ئايىتىدە بايان قىلىنغان ھەقىقەتلەرنىڭ تەكرارلانغانلىقىنى كۆرىمىز.

ئاخىرقى سۈرە ئايەت سۆزلۈك ھەرپلىرى

13 4 6 114

بۇلاردىن شەكىللەنگەن سان **1346114** بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكىدۇر.

$$192302 \times 7 = 1346114$$

ئالتىنچى ھەقىقەت: ﴿ بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴾ **19** ھەرپتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىن تەكرار تىلغا

www.munber.org

ئېلىنمىغانلىرى **10** ھەرپ، بۇ **10** ھەرپنى {بسم الله} دا تىلغا ئېلىنىش قېتىم سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلىكى بويىچە تەرتىپكە تىزساق تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ.

1- {بسم الله}دە ( ل ) ھەرپى 4 قېتىم تەكرارلانغان.

2- {بسم الله} دە{ ا } ھەرپى 3 قېتىم تەكرارلانغان .

3- {بسم الله} دە { م } ھەرپى 3 قېتىم تەكرارلانغان.

4- {بسم الله}دە { ر } ھەرپى 2 قېتىم تەكرارلانغان .

**5** - {بسم الله}دە { چ } ھەرپى **2** قېتىم تەكرارلانغان .

6- {بسم الله}دە { ب } ھەرپى 1 قېتىم تەكرارلانغان .

7- {بسم الله}دە { س } ھەرپى 1 قېتىم تەكرارلانغان .

8- {بسم الله}دە { ه } ھەرپى 1 قېتىم تەكرارلانغان .

9- {بسم الله}دە { ن } ھەرپى 1 قېتىم تەكرارلانغان .

10- {بسم الله}دە { ي } ھەرپى 1 قېتىم تەكرارلانغان .

بۇلارنى ھەرپلەرنىڭ تەكرارلىنىش تەرتىپى بىلەن تىزىپ قارايدىغان بولساق: تۆۋەندىكى جەدۋەلنى كۆرىمىز :

ل م ا ر چ ب س ه ن ي

**1 1 1 1 1 2 2 3 3 4**

بۇلاردىن شەكىللەنگەن سان **1111122334** بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكىدۇر.

158731762 × 7 = 1111122334

سەككىزىنچى ھەقىقەت: قۇرئان كەرىمنىڭ تۆنجى ئايىتىنى سۆزلەرگە ئايرىپ، ھەر بىر سۆزنىڭ ھەرپىنى ئۆز ئالدىغا ئايرىم



www.munber.org



ساناپ، بۇلاردىن شەكىللەنگەن مەيلى قايسى يۆنىلىش بويىچە قوشۇپ قارىمايلى، يەنىلا يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكى بولۇپ چىقىدۇ.

سۆزلەرگە ئايرىلغاندىن كېيىن ھەرپ سانلىرىنى ئوڭ يۆنىلىش بويىچە قوشساق:

﴿ بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَـٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴾

**19 13 7 3**

شەكىللەنگەن سان **191373** بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكىدۇر.

27339 × 7 = 191373

سۆزلەرگە ئايرىلغاندىن كېيىن ھەرپ سانلىرىنى تەتۈر يۆنىلىش بويىچە قوشساق:

﴿ بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَـٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴾

**6 12 16 19**

شەكىللەنگەن سان **6121619** بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكىدۇر.

874517 × 7 = 6121619

توققۇزىنچى ھەقىقەت: قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئايىتىنى تەھلىل قىلىپ قارايدىغان بولساق، قۇرئان كەرىمنىڭ تۆنجى ئايىتىدە قانداق ھەقىقەتلەر نامايەن بولغان بولسا قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئايىتىدىمۇ ئوخشاشلا ھەقىقەتلەر نامايەن بولىدۇ.



www.munber.org

www.uyghurkitap.com

مەسىلەن، بۇلارنىڭ سېلىشتۇرمىسىغا قاراپ باقايلى: قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئايىتى الله تائالانىڭ ﴿مِنَ الجِنَّةِ والنَّاسِ﴾ دېگەن سۆزىدۇر. بۇ ئايەتتىكى ئېلىپبە ھەرپلىرىنى ئاز ـ كۆپ زىكىر قىلىنغانلىقىغا قاراپ رەتكە تۇرغۇزۇپ قاراپ باقايلى:

1 ـ ﴿ مِنَ ٱلْجِنَّةِ وَٱلنَّاسِ ﴾ دە {ئەلىف} ھەرپى 3 قېتىم زىكىر قىلىنغان.

2 ـ ﴿ مِنَ ٱلْجِنَّةِ وَٱلنَّاسِ ﴾ دە {النون} ھەرپى 3 قېتىم زىكىر قىلىنغان.

3 ـ ﴿ مِنَ ٱلْجِنَّةِ وَٱلنَّاسِ ﴾ دە {لام} ھەرپى 2 قېتىم زىكىر قىلىنغان.

4 ـ ﴿ مِنَ ٱلْجِنَّةِ وَٱلنَّاسِ ﴾ دە {مىم} ھەرپى 1 قېتىم زىكىر قىلىنغان.

5 ـ ﴿ مِنَ ٱلْجِنَّةِ وَٱلنَّاسِ ﴾ دە {جىم} ھەرپى 1 قېتىم زىكىر قىلىنغان.

6 ـ ﴿ مِنَ ٱلْجِنَّةِ وَٱلنَّاسِ ﴾ دە {الهائ} ھەرپى 1 قېتىم زىكىر قىلىنغان.

7 ـ ﴿ مِنَ ٱلْجِنَّةِ وَٱلنَّاسِ ﴾ دە {الواو} ھەرپى 1 قېتىم زىكىر



www.munber.org



قىلىنغان.

8 ـ ﴿ مِنَ ٱلْجِنَّةِ وَٱلنَّاسِ ﴾ دە {السين} ھەرپى 1 قېتىم زىكىر قىلىنغان .

بۇلاردىن شەكىللەنگەن سان 11111233 بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكىدۇر.

1587319 × 7 = 11111233

ئونىنچى ھەقىقەت: قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئايىتىنى سۆزلۈكلەرگە ئايرىپ قارساق، تۆۋەندىكى تەرتىپنى كۆرىمىز:

﴿ مِنَ ٱلْجِنَّةِ وَٱلنَّاسِ ﴾

5 1 5 2

بۇلاردىن شەكىللەنگەن سان 5152 بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىك ساندۇر.

736 × 7 = 152

## قۇئان كەرىمنىڭ تۇنجى ئايىتى ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ بەزى سۈرىلىرىنىڭ باش قىسمىدىكى ئۈزۈك ھەرپلەر

قۇرئان كەرىمنىڭ تۇنجى سۈرىسى بولغان فاتىهە{بسم الله} بىلەن باشلانغان، قۇرئان كەرىمدىكى تۇنجى ئۈزۈك ھەرپلەر بىلەن باشلانغان سۈرە سۈرە بەقەرە بولۇپ، بۇ سۈرە {الم} سۆزى بىلەن باشلانغان. بىز تۆۋەندە بۇ ئىككى ئايەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلارنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە بۇلاردىن نامايەن بولغان



www.munber.org

سانلارنىڭ يەنىلا يەتتە سانىغا باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى قېرىنداشلىرىمىزغا چۈشەندۈرۈپ ئۆتمەكچىمىز.

بىرىنچى ھەقىقەت: قۇرئان كەرىمنىڭ ئىككىنچى سۈرىسى بولغان سۈرە بەقەرە يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك {الم} دىن، يەنى ئەلىف، لام، مىم ئۈچ ھەرپتىن تەركىب تاپقان. بۇ ئۈچ ھەرپ ئوخشاشلا قۇرئان كەرىمنىڭ تۆنجى سۈرىسىنىڭ تۆنجى ئايىتىدە تەكرار زىكىر قىلىنغاندۇر.

الف ھەرپى لام ھەرپى مىم ھەرپى

3 4 3

بۇلاردىن شەكىللەنگەن سان **343** بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكى ساندۇر.

$7 \times 7 \times 7 = 343$

ئىككىنچى ھەقىقەت: قۇرئان كەرىمنىڭ باش سۈرىسىنىڭ بىرىنچى ئايىتى تۆت سۆزلۈكتىن تۈزۈلگەن، قۇرئان كەرىمدىكى تۆنجى ئۈزۈك ھەرپ بىلەن باشلانغان سۈرە سۈرە بەقەرە بولۇپ، بۇ سۈرىنىڭ بىرىنچى ئايىتى بىر سۆزدىن تەركىب تاپقان.

قۇرئاننىڭ تۆنجى ئايىتى تۆنجى ئۈزۈك ھەرپ بىلەن باشلانغان سۈرىنىڭ تۆنجى ئايىتى

1 4

بۇلاردىن شەكىللەنگەن سان **14** بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسىدۇر.

ئۈچىنچى ھەقىقەت: ﴿ بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴾ سۈرە فاتىھەنىڭ بىرىنچى ئايىتى بولۇپ، تۆت سۆزلۈكتىن تەركىب تاپقان،



www.munber.org

قۇرئان كەرىمنىڭ ماتېماتىكىلىق ئىلمىي ھەقىقەتلىرى

{الم} سۈرە بەقەرەنىڭ بىرىنچى ئايىتى بولۇپ، بىر سۆزدىن تەركىب تاپقان.

قۇرئاننىڭ تۆنجى ئايىتى ئۈزۈك ھەرپ بىلەن باشلانغان سۈرىنىڭ تۆنجى ئايىتى

ئايەت نۇمۇرى سۆزلۈكلىرى ئايەت نۇمۇرى سۆزلۈكلىرى

1 1 4 1

بۇلاردىن شەكىللەنگەن سان **1141** بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتمىسىدۇر.

$163 \times 7 = 1141$

تۆتىنچى ھەقىقەت: {بسم الله} سۈرە فاتىھەنىڭ بىرىنچى ئايىتى بولۇپ، بۇ ئايەت تۆت سۆز، **19** ھەرپتىن تەركىب تاپقان، {الم} ئۈزۈك ھەرپلەر بىلەن باشلانغان تۆنجى سۈرىنىڭ بىرىنچى ئايىتى بولۇپ، بۇ ئايەت بىر سۆز، ئۈچ ھەرپتىن تەركىب تاپقان.

قۇرئاننىڭ تۆنجى ئايىتى ئۈزۈك ھەرپ بىلەن باشلانغان سۈرىنىڭ تۆنجى ئايىتى

ئايەت سۆزلۈك ھەرپلىرى ئايەت سۆزلۈك ھەرپلىرى

3 1 1 19 4 1

بۇلاردىن شەكىللەنگەن سان **3111941** بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتمىسىدۇر.

$4444563 \times 7 = 31111941$

بەشىنچى ھەقىقەت: {بسم الله} قۇرئان كەرىمنىڭ بىرىنچى سۈرىسىنىڭ بىرىنچى ئايىتىدۇر، {الم} قۇرئان كەرىمنىڭ ئىككىنچى سۈرىسىنىڭ بىرىنچى ئايىتىدۇر.



www.munber.org

www.uyghurkitap.com



﴿ بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴾ ﴿ الٓمٓ ﴾

1 ـ سۈره      2 ـ سۈره

بۇلاردىن شەكىللەنگەن سان 21 بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسىدۇر.

ئالتىنچى ھەقىقەت: {بسم الله} قۇرئان كەرىمنىڭ تۇنجى سۈرىسىنىڭ تۇنجى ئايىتىدۇر. {الم} قۇرئان كەرىمنىڭ ئىككىنچى سۈرىسىنىڭ بىرىنچى ئايىتىدۇر.

قۇرئاندىكى تۇنجى ئايەت ئۈزۈك ھەرپ بىلەن باشلانغان تۇنجى سۈره

| سۈره | ئايەت | سۈره | ئايەت |
|---|---|---|---|
| 1 | 1 | 2 | 1 |

بۇلاردىن شەكىللەنگەن سان 1211 بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسىدۇر.

$$173 \times 7 = 1211$$

## قۇرئان كەرىمدىكى "بسم الله" ھەققىدە يەنە بىر نەچچە ھەقىقەت

بىرىنچى ھەقىقەت: ﴿ بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴾ قۇرئان كەرىمدە 114 قېتىم زىكىر قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىن 112 قېتىمدا قۇرئان كەرىمنىڭ ئاساسى ئايىتى قاتارىدا ئايەت نۇمۇرى قويۇلمىغان، پەقەت سۈره فاتىھەنىڭ 1 ـ ئايىتى ۋە نەمل سۈرىسىنىڭ



www.munber.org



30 ـ ئايىتىدە{بسم الله} مۇستەقىل ئايەت ھېسابلىنىپ، ئايەت نۇمۇرى قويۇلغان. بۇلاردىن شەكىللەنگەن سان 301 بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسىدۇر.

$$43 \times 7 = 301$$

ئىككىنچى ھەقىقەت: {بسم الله} ئايەت شەكلىدە ھېسابلانغان سۈره فاتىھە بىلەن نەمل سۈرىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۈره ۋە ئايەت سانى بىلەن بولغان باغلىنىشلارغا قاراپ باقايلى.

| سۈره فاتىھە | | نەمل سۈرىسى | |
|---|---|---|---|
| سۈره نۇمۇرى | ئايەت سانى | سۈره نۇمۇرى | ئايەت سانى |
| 1 | 7 | 27 | 93 |

بۇلاردىن شەكىللەنگەن سان 719327 بولۇپ، بۇمۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتمىسىدۇر.

$$133253 \times 7 = 932771$$

ئۈچىنچى ھەقىقەت: نەمل سۈرىسى قۇرئان كەرىمدىكى{بسم الله} تەكرار زىكىر قىلىنغان بىردىن ـ بىر سۈره، بىز بۇ سۈرىنىڭ 1 ـ ئايىتى بىلەن ئاخىرقى ئايىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلارغا قاراپ باقايلى.

| سۈرىنىڭ باش ئايەت نۇمۇرى | سۈرىنىڭ ئاخىرقى ئايەت نۇمۇرى |
|---|---|
| 1 | 93 |

بۇلاردىن شەكىللەنگەن سان 931 بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسىدۇر.

$$19 \times 7 \times 7 = 931$$

ھەممە نەرسىنى بىھېساب ھېكمەت بىلەن ياراتقان الله غا ھەمدۇ ـ



www.munber.org

ساناﻻر بولسۇن! دوستۇم، {بسم الله} تەكرار زىكىر قىلىنغان سۈرىنىڭ باش ۋە ئاخىرقى ئايەت سانلىرىدىن تۈزۈلگەن سان دەل {بسم الله} نىڭ ھەرپ سانى 19 نى ئىككى قېتىم يەتتە سانىغا كۆپەيتكەندىكى ساندىن ئىبارەت. بۇ سىزنى ئويغا سالمىدىمۇ؟

## تۇنجى سۈرە ۋە ئاخىرقى سۈرىنىڭ باشلانمىسى

قۇرئان كەرىمنىڭ تۇنجى سۈرىسى تۆۋەندىكى ئايەت بىلەن باشلىنىدۇ.

﴿ بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ۝١ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ۝٢ ﴾

قۇرئان كەرىمنىڭ ئاخىرقى سۈرىسى تۆۋەندىكى ئايەت بىلەن باشلىنىدۇ.

﴿ بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ قُلۡ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلنَّاسِ ۝١ ﴾

بىز تۆۋەندە بۇ ئىككى ئايەتنىڭ باش سۆزلۈكى بىلەن ئاخىرقى سۆزلۈكى ئوتتۇرىسىدىكى ماتېماتىكىلىق ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمىز.

قۇرئان كەرىمنىڭ بىرىنچى سۈرىسىنىڭ بىرىنچى ئايىتىنىڭ باش سۆزلۈكى بولغان {بسم} قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدە 22 قېتىم زىكىر قىلىنغان بولسا، ﴿ ٱلرَّحِيمِ ﴾ دېگەن سۆز قۇرئان كەرىمدە 115 قېتىم زىكىر قىلىنغاندۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ بىرىنچى سۈرىسىنىڭ 2

www.munber.org





- ئايىتى ﴿ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ۝٢ ﴾ نىڭ باش سۆزلۈكى ﴿ ٱلۡحَمۡدُ ﴾ قۇرئان كەرىمدە 38 قېتىم زىكىر قىلىنغان بولسا، ﴿ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴾ دېگەن سۆز قۇرئان كەرىمدە 73 قېتىم زىكىر قىلىنغان.

بىز تۆۋەندە بايان قىلىنغان 22، 115، 38، 73 لەرنىڭ ئارىسىدىكى باغلىنىشلارغا قاراپ باقايلى:

بىرىنچى: يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، {بسم} قۇرئان كەرىمدە 22 قېتىم زىكىر قىلىنغان بولسا، ﴿ ٱلرَّحِيمِ ﴾ 115 قېتىم زىكىر قىلىنغان.

| | |
|---|---|
| بِسۡمِ ٱللَّهِ | ٱلرَّحِيمِ |
| 22 | 115 |

بۇلاردىن ھاسىل بولغان سان 11522 بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىك سانى.

$1646 \times 7 = 11522$

ئىككىنچى: ﴿ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴾ ئايىتىنىڭ باش سۆزلۈكى قۇرئان كەرىمدە 38 قېتىم زىكىر قىلىنغان بولسا، ئاخىرقى سۆزلۈكى 73 قېتىم زىكىر قىلىنغان.

ٱلۡحَمۡدُ ٱلۡعَٰلَمِينَ

www.munber.org

www.uyghurkitap.com

73 38

بۇلاردىن شەكىللەنگەن سان 7338 بولۇپ، بۇ ساننى تەتۈر يۆنىلىش بويىچە ئوقۇساق 8337 بولۇپ چىقىدۇ. بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكىدۇر.

$1191 \times 7 = 8337$

بەزىلەر، ھەممە ساننى ئوڭ تەرەپتىن ئوقۇپ، قوشۇپ قارىغان ئىدۇق، بۇ قېتىمقى ساننى سول تەرەپتىن قوشۇپ ھېسابلىشىمىزدىكى سەۋەب نېمە؟ دەپ سورىشى مۇمكىن. يۇقىرىقى ئايەتلەرگە قاراپ تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى: {بسم الله} دا، الله تائالانىڭ {ئەررەھمەھ} (شەپقەت) سۈپىتى بولۇپ، بۇ {شەپقەت قىلىش} ياراتقۇچى تەرەپتىن مەخلۇقاتلىرى ئۈچۈن بولىدۇ، ئەمما

ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ دىكى ٱلۡحَمۡدُ (ياراتقۇچىنى مەدھىيەلەش)

بەندىلەردىن ياراتقۇچىغا نىسبەتەن بولىدۇ. {بسم الله} دىكى شەپقەت الله تەرەپتىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئوڭ يۆنىلىش بىلەن ھېسابلاندى،

ٱلۡحَمۡدُ دىكى {ياراتقۇچىنى مەدھىيلەش} بەندىلەردىن ياراتقۇچى

ئۈچۈن بولغاچقا تەتۈر يۆنىلىش بويىچە ھېسابلاندى.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ۝١ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ

73 ← 38 115 → 22

ساننى ئوڭ تەرەپتىن ئوقۇش ساننى سول تەرەپتىن ئوقۇش

ئۈچىنچى: يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، بىز تۆت خىل سانىنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز.

www.munber.org





بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ

73 38 115 22

تۇنجى ئايەتنىڭ تەكرارلانغان بىرىنچى سۆزلۈكى{ بسم } بىلەن ئىككىنچى ئايەتنىڭ تەكرارلانغان بىرىنچى سۆزلۈكى ٱلۡحَمۡدُ نىڭ تەكرارلىنىش قېتىم سانىدىن بىر سان ھاسىل قىلىدىغان بولساق:

﴿ بِسۡمِ ﴾ ﴿ ٱلۡحَمۡدُ ﴾

22 38

شەكىللەنگەن سان 3822 بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتمىسىدۇر.

$546 \times 7 = 3822$

تۇنجى ئايەتنىڭ تەكرارلانغان ئاخىرقى سۆزلۈكى﴿ ٱلرَّحِيمِ ﴾ بىلەن ئىككىنچى ئايەتنىڭ تەكرارلانغان بىرىنچى سۆزلۈكى﴿ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴾ نىڭ تەكرارلىنىش قېتىم سانىدىن يېڭى بىر سان ھاسىل قىلساق:

﴿ ٱلرَّحِيمِ ﴾ ﴿ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴾

115 73

شەكىللەنگەن سان 73115 بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكى ساندۇر.

www.munber.org

10445 × 7 = 73115

تۆتىنچى: تۇنجى ئايەتنىڭ تەكرارلانغان بىرىنچى سۆزلۈكى ﴿ بِسْمِ ﴾ بىلەن ئىككىنچى ئايەتنىڭ تەكرارلانغان ئەڭ ئاخىرقى سۆزلۈكى ﴿ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴾ نىڭ تەكرارلىنىش قېتىم ساندىن يەنە بىر سان ھاسىل قىلساق:

﴿ بِسْمِ ﴾ ﴿ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴾

73 22

شەكىللەنگەن بۇ سان 7322 مۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكى سانى بولىدۇ.

1046 × 7 = 7322

بەشىنچى: تۇنجى ئايەتنىڭ تەكرارلانغان ئاخىرقى سۆزلۈكى ﴿ ٱلرَّحِيمِ ﴾ ۋە ئىككىنچى ئايەتنىڭ تەكرارلانغان بىرىنچى سۆزلۈكى ﴿ ٱلْحَمْدُ ﴾ نىڭ تەكرارلىنىش قېتىم سانىنى بىللە يېزىش ئارقىلىق بىر سان ھاسىل قىلساق:

﴿ ٱلرَّحِيمِ ﴾ ﴿ ٱلْحَمْدُ ﴾

38 115

يېڭى شەكىللەنگەن سان 38115 بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە



www.munber.org

قۇرئان كەرىمنىڭ ماتېماتىكىلىق ئىلمىي ھەقىقەتلىرى

سانىنىڭ ھەسسىلىكىدۇر.

5445 × 7 = 38115

بىز يۇقىرىدا قۇرئان كەرىمنىڭ تۇنجى سۈرىسىنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئايەتلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلارنى زىكىر قىلىپ ئۆتتۇق. قۇرئان كەرىمنىڭ ئاخىرقى سۈرىسىدىمۇ يۇقىرىقىلارغا ئوخشاش باغلىنىشلار بارمۇ؟ بىز بۇنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىل يول بىلەن بايان قىلماقچىمىز.

قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۈرىسى الله تائالانىڭ ﴿ قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلنَّاسِ ۝١ ﴾ ﴿ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى (الله غا) سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن﴾ دېگەن سۆزى بىلەن باشلىنىدۇ.

﴿ قُلْ ﴾ سۆزى قۇرئان كەرىمدە 332 قېتىم زىكىر قىلىنىدۇ، ﴿ وَٱلنَّاسِ ﴾ سۆزى بىلسا قۇرئان كەرىمدە 241 قېتىم زىكىر قىلىنىدۇ.

قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلنَّاسِ

241 332

بۇلاردىن شەكىللەنگەن سان 241332 بولۇپ، بۇ سانغا مەيلى قايسى يۆنىلىش بويىچە قارايلى، ئوخشاشلا شۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكى بولۇپ چىقىدۇ.

34476 × 7= 241332

33306 × 7 = 233142



www.munber.org

www.uyghurkitap.com

ئەمدى بىز قۇرئان كەرىمنىڭ ئاخىرقى سۈرىسىنىڭ بىرىنچى ئايىتىنىڭ قۇرئان كەرىمنىڭ تۇنجى سۈرىسىنىڭ بىرىنچى ئايىتى بىلەن بولغان باغلىنىشلىرىنى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى:

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ  قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلنَّاسِ

241  332  115  22

بىرىنچى خىل باغلىنىش: تۇنجى ئايەتنىڭ تەكرارلانغان بىرىنچى سۆزلۈكى {بِسْمِ} بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۈرىسىنىڭ تەكرارلانغان بىرىنچى سۆزلۈكى{قُلْ} نىڭ سانىنى قوشۇپ قارايدىغان بولساق:

بِسْمِ    قُلْ

332    22

بۇلاردىن شەكىللەنگەن سان **33222** مۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسىدۇر.

$4746 \times 7 = 33222$

ئىككىنچى خىل باغلىنىش: قۇرئان كەرىمدىكى بىرىنچى سۈرىنىڭ تۇنجى ئايىتىنىڭ تەكرارلانغان ئاخىرقى سۆزلۈكى﴿ ٱلرَّحِيمِ ﴾ بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۈرىسىنىڭ بىرىنچى ئايىتىدىكى ئاخىرقى سۆزلۈكى ﴿ وَٱلنَّاسِ ﴾ نىڭ تەكرارلانغان قېتىم سانىنى قوشۇپ قارايدىغان بولساق:

www.munber.org





﴿ ٱلرَّحِيمِ ﴾    ﴿ وَٱلنَّاسِ ﴾

241    115

بۇلاردىن شەكىللەنگەن سان **241115** بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسىدۇر.

$34445 \times 7 = 241115$

ئۈچىنچى خىل باغلىنىش: قۇرئان كەرىمدىكى بىرىنچى سۈرىنىڭ تۇنجى ئايىتىنىڭ تەكرارلانغان بىرىنچى سۆزلۈكى﴿ بِسْمِ ﴾ بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۈرىسىنىڭ بىرىنچى ئايىتىدىكى تەكرارلانغان ئاخىرقى سۆزلۈكى ﴿ ٱلنَّاسِ ﴾ نىڭ تەكرارلىنىش قېتىم سانىنى قوشۇپ قارىساق:

﴿ بِسْمِ ﴾    ﴿ ٱلنَّاسِ ﴾

241    22

يېڭى شەكىللەنگەن سان **24122** مۇ ھەم يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسىدۇر.

$3446 \times 7 = 24122$

تۆتىنچى خىل باغلىنىش: قۇرئان كەرىمدىكى بىرىنچى سۈرىنىڭ تۇنجى ئايىتىنىڭ تەكرارلانغان ئاخىرقى سۆزلۈكى﴿ ٱلرَّحِيمِ ﴾ بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۈرىسىنىڭ بىرىنچى ئايىتىدىكى تەكرارلانغان بىرىنچى سۆزلۈكى ﴿ قُلْ ﴾ نىڭ

www.munber.org

تەكرارلىنىش قېتىم سانىنى بىر يەرگە ئەكەلسەك:

| ﴿ ٱلرَّحِيمِ ﴾ | ﴿ قُلْ ﴾ |
| --- | --- |
| **115** | **241** |

شەكىللەنگەن سان **241115** بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسىدۇر.

47445 × 7 = 332115

يۇقىرىدا بىز قۇرئان كەرىمنىڭ تۇنجى سۈرىسىنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئايەتلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر نەچچە خىل باغلىنىشلارنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئەگەر قولىمىزدىن كېلىپ، قۇرئان كەرىمنىڭ يەتمىش مىڭدىن ئارتۇق سۆزلۈكلىرىنى بىرمۇ - بىر تەھلىل قىلىپ كۆرگەن بولساق يەنە قانداق مۆجىزىلەرنى بايقارمىز - ھە!؟

سىز يۇقىرىقىلارنى كۆرگەندىن كېيىن يەنە قۇرئان كەرىمنى بەندىنىڭ سۆزى دەپ قارارسىزمۇ؟ ئەگەر يەنە شۇنداق قارىماقچى بولسىڭىز، بايان قىلىپ ئۆتكەنلىرىمىزنى نېمە دەپ چۈشەندۈرەسىز؟

سىز مۇشۇنىڭدەك نۇرغۇن ھەقىقەتلەرنى كۆرگەندىن كېيىن يەنە ئۆز ئەقلىڭىزنى ئىشقا سالماي، ئىلاھىڭىزنى تونۇماي بىچارىلارچە ياشاشنى قاچانغىچە داۋاملاشتۇرماقچى؟

﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەردە سەن بىزگە مەغفىرەت قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز﴾ - سۈرە ئەئراف 23 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى

www.munber.org





# ئۈچىنچى باب

## قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ گۈزەل سۆز (الله) توغرىسىدا قىسقىچە تەھلىل

الله تائالا ئىنسانلارغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ سَنُدۡخِلُهُمۡ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدٗاۖ وَعۡدَ ٱللَّهِ حَقّٗاۚ وَمَنۡ أَصۡدَقُ مِنَ ٱللَّهِ قِيلٗا ١٢٢ ﴾

﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتكە كىرگۈزىمىز، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، الله نىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، الله دىنمۇ راست سۆزلۈك كىم بار؟ (يەنى الله دىنمۇ راست سۆزلۈك ھېچ ئەھەدى يوق)﴾ - سۈرە نىسا 122 - ئايەت

الله تائالا ﴿ وَمَنۡ أَصۡدَقُ مِنَ ٱللَّهِ قِيلٗا ﴾ ﴿الله دىنمۇ راست سۆزلۈك كىم بار؟﴾ دېگەن ئايىتى بىلەن پۈتۈن ئىنسانلارغا خىتاب قىلىپ ئۆزىدىن راستچىلراق بىرەرسى بارمۇ، دەپ سوراۋاتىدۇ. الله نىڭ يۇقىرىقى خىتابىنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەنمىگەنلەر سان - سىفىر ئارقىلىق بولسىمۇ تەھلىل قىلىپ كۆرۈپ بېقىڭ.

قېرىندىشىم، يۇقىرىقى ئايەتمۇ يەنىلا يەتتە سانىغا

www.munber.org

باغلىنىشلىقتۇر، قېنى بۇ ئايەتنى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى.

بىز تۆۋەندە يۇقىرىقى ئايەت ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆزلەرنىڭ ھەرپ سانلىرىنى يېزىپ قاراپ باقايلى.

﴿ وَمَنْ أَصْدَقُ مِنَ ٱللَّهِ قِيلًا ﴾

**4 4 2 4 2 1**

بۇلاردىن شەكىللەنگەن سان **442421** بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسىدۇر.

$63203 \times 7 = 442421$

يەتتە سانىغا كۆپەيتىلگەن سانىنى كۆزەتسەك، ئۇ يەنىلا شۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىك سانى بولۇپ چىقىدۇ.

$9029 \times 7 = 63203$

بىز تۆۋەندە يۇقىرىقى ئايەت ئىچىدىن {الله} لەپزىدىكى ھەرپلەر بار سۆزلۈكلەرگە ھەرپ سانى بىلەن نومۇر قويۇپ، {الله} لەپزىدىكى ھەرپلەر يوق سۆزلۈكلەرگە **0** نومۇرىنى قويۇپ قاراپ باقايلى.

﴿ وَمَنْ أَصْدَقُ مِنَ ٱللَّهِ قِيلًا ﴾

**2 4 0 1 0 0**

بۇ رەقەملەردىن شەكىللەنگەن سان **240100** بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسىدۇر.

$34300 \times 7 = 240100$

يەتتە سانىغا كۆپەيتىلگەن بۇ سانمۇ يەنىلا شۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكى بولۇپ چىقىدۇ.





$4900 \times 7 = 34300$

بۇ ساننى ئۈچىنچى قېتىم تەكشۈرسەكمۇ ئۇ يەنىلا يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىك سانى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

$700 \times 7 = 4900$

بۇ ساننى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۆتىنچى قېتىم كۆزەتسەك، نەتىجىدە بۇ سان يەنىلا شۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىك سانى بولۇپ چىقىدۇ.

$100 \times 7 = 700$

يۇقىرىقى ئايەتتىن الله تائالانىڭ ﴿ وَمَنْ أَصْدَقُ مِنَ ٱللَّهِ قِيلًا ﴾ دېگەن سۆزىگىلا يەنە بىر قېتىم نەزەر سېلىپ كۆرەيلى:

**1** ـ {ئەلىف} ھەرپى يۇقىرىقى ئايەتتە ئۈچ قېتىم زىكىر قىلىنغان.

**2** ـ {لام} ھەرپى ئۈچ قېتىم زىكىرقىلىنغان.

**3** ـ {الهاء} ھەرپى بىر قېتىم زىكىر قىلىنغان.

ئەلىف ھەرپى لام ھەرپى ھائ ھەرپى

**1 3 3**

بۇلاردىن شەكىللەنگەن سان **133** بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىمىسىدۇر.

$19 \times 7 = 133$

الله تائالانىڭ ﴿ وَمَنْ أَصْدَقُ مِنَ ٱللَّهِ قِيلًا ﴾ ئايىتىدىكى {الله} لەپزىنىڭ جايلاشقان ئورنىغا قاراپ باقايلى، {الله} لەپزىدىن بۇرۇن



www.munber.org
www.uyghurkitap.com

تۆت سۆز زىكىر قىلىنغان بولسا، {الله } لەپزىدىن كېيىن بىر سۆز زىكىر قىلىنغان.

﴿ وَمَنْ أَصْدَقُ مِنَ ٱللَّهِ قِيلاً ﴾

4 1

بۇلاردىن شەكىللەنگەن سان 14 ئەلۋەتتە يەتتىنىڭ ھەسسىلىكى.

$2 \times 7 = 14$

الله تائالانىڭ ﴿ وَمَنْ أَصْدَقُ مِنَ ٱللَّهِ قِيلاً ﴾ ئايىتىدىكى {الله} لەپزىنىڭ ئالدىدا 9 ھەرپ زىكىر قىلىنغان،{الله} لەپزىدىن كېيىن تۆت ھەرپ زىكىر قىلىنغاندۇر.

﴿ وَمَنْ أَصْدَقُ مِنَ ٱللَّهِ قِيلاً ﴾

9 4

بۇلارنى قوشۇشتىن شەكىللەنگەن سان 49 مۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسلىكى سانى.

$7 \times 7 = 49$

الله تائالانىڭ ﴿ وَمَنْ أَصْدَقُ مِنَ ٱللَّهِ قِيلاً ﴾ ئايىتىدىكى {الله}لەپزىنىڭ ئالدىدا زىكىر قىلىنغان، {الله} لەپزىدە بار ھەرپلەرنىڭ سانى بىر، {الله} لەپزىدىن كېيىن زىكىر قىلىنغان {الله} لەپزىدە بار ھەرپلەرنىڭ سانى ئىككى.



www.munber.org



﴿ وَمَنْ أَصْدَقُ مِنَ ٱللَّهِ قِيلاً ﴾

1 2

بۇلاردىن شەكىللەنگەن سان 21 شەكسىز يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىك سانى.

$3 \times 7 = 21$

الله تائالانىڭ ﴿ وَمَنْ أَصْدَقُ مِنَ ٱللَّهِ قِيلاً ﴾ ئايىتىدىكى سۆزلۈكلەرنىڭ ھەرپ سانلىرىنى تەرتىپ بويىچە قوشۇپ، بۇلاردىن يېڭى بىر سان ھاسىل قىلساق:

﴿ وَمَنْ أَصْدَقُ مِنَ ٱللَّهِ قِيلاً ﴾

1 3 7 9 13 17

شەكىللەنگەن بۇ سان 17139731 مۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسى بولۇپ چىقىدۇ.

$2448533 \times 7 = 17139731$

## سۈرە فاتىھە بىلەن ئىخلاس سۈرىسىنىڭ مۇناسىۋىتى

{الا} لەپزى زىكىر قىلىنغان تۇنجى ئايەت ۋە ئاخىرقى ئايەت

1 ـ سۈرە فاتىھە ۋە ئىخلاس سۈرىسى ئوخشاشلا يەتتە ھەرپتىن تەركىب تاپقان. "الفاتحة" "الإخلاص"

2 ـ سۈرە فاتىھە قۇرئان كەرىمنىڭ 1 ـ سۈرىسى بولۇپ، جەمئى يەتتە ئايەت. ئىخلاس سۈرىسى قۇرئان كەرىمنىڭ 112 ـ سۈرىسى



www.munber.org

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بولۇپ، جەمئى تۆت ئايەت.

سۈرە فاتىھە   سۈرە ئىخلاس

| سۈرە نۇمۇرى | ئايەت سانى | سۈرە نۇمۇرى | ئايەت سانى |
|---|---|---|---|
| 112 | 4 | 1 | 7 |

بۇ سانلاردىن شەكىللەنگەن سان **411271** بولۇپ، بۇمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىك سانىدۇر.

$$58753 \times 7 = 411271$$

بىرىنچى ھەققەت: سۈرىلەر سانى

{Ÿ|} نامى تۆنجى قېتىم زىكىر قىلىنغان سۈرە فاتىھە بىلەن {Ÿ|} نىڭ نامى ئاخىرقى قېتىم زىكىر قىلىنغان ئىخلاس سۈرىسىنىڭ ئوتتۇرىسدىكى سۈرىلەرنى سانايدىغان بولساق، بۇلار توپتوغرا **112** سۈرە بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسى.

$$7 \times 16 = 112$$

ئىككىنچى ھەققەت: ئايەتلەر سانى

{Ÿ|} نامى تۆنجى قېتىم زىكىر قىلىنغان سۈرە فاتىھەدىن باشلاپ{Ÿ|} نىڭ نامى ئاخىرقى قېتىم زىكىر قىلىنغان ئىخلاس سۈرىسىگىچە بولغان ئايەتلەرنى سانىساق، بۇلار توپتوغرا **6223** ئايەت بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىك سانى.

$$127 \times 7 \times 7 = 6223$$

ئۈچىنچى ھەققەت: ھەرپلەر سانى

{Ÿ|}نىڭ نامى تۆنجى قېتىم زىكىر قىلىنغان سۈرە فاتىھەنىڭ



www.munber.org



بىرىنچى ئايىتى بىلەن{Ÿ|} نىڭ نامى ئاخىرقى قېتىم زىكىر قىلىنغان ئىخلاس سۈرىسىنىڭ ئىككىنچى ئايىتىنىڭ ھەرپلىرىنى قوشۇپ سانىساق (سۈرە فاتىھەنىڭ بىرىنچى ئايىتى **19** ھەرپ، ئىخلاس سۈرىسىنىڭ ئىككىنچى ئايىتى **9** ھەرپ) **28** ھەرپ بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىك سانى.

$$4 \times 7 = 28 = 9 + 19$$

تۆتىنچى ھەققەت: {Ÿ|} نىڭ نامى تۆنجى قېتىم زىكىر قىلىنغان ئايەت قۇرئان كەرىمنىڭ **1** ـ سۈرىسىنىڭ **1** ـ ئايىتىدۇر، {Ÿ|} لەپزى ئاخىرقى قېتىم زىكىر قىلىنغان ئايەت قۇرئان كەرىمنىڭ **112** ـ سۈرىسىنىڭ **2** ـ ئايىتىدۇر.

﴿ بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴾   ﴿ ٱللَّهُ ٱلصَّمَدُ ﴾

| سۈرە | ئايەت | سۈرە | ئايەت |
|---|---|---|---|
| 112 | 2 | 1 | 1 |

بۇلارنى قوشقاندىن كېيىن شەكىللەنگەن سان **211211** بولۇپ بۇ سانمۇ كۆپەيتىلگەن يەتتە سانى نىڭ جۈغلانمىسىدۇر ، تۆۋەندىكى ھېسابقا قاراڭ :

$$30173 \times 7 = 211211$$

بەشىنچى ھەققەت: {الله} لەپزى تۇنجى زىكىر قىلىنغان قۇرئان كەرىمنىڭ بىرىنچى سۈرىسىنىڭ بىرىنچى ئايىتى بىلەن {Ÿ|} لەپزى ئاخىرقى قېتىم زىكىر قىلىنغان قۇرئان كەرىمنىڭ **112** ـ سۈرىسىنىڭ **2** ـ ئايىتىدىكى سۆزلۈكلەرنىڭ قۇرئان كەرىمدە تەكرارلىنىش قېتىم سانىنى بايان قىلىپ، ئۇلاردىن شەكىللەنگەن سانىنى ھېسابلاپ قارايدىغان بولساق، بۇلارنىڭمۇ يەتتە سانىنىڭ



www.munber.org

كۆپەيتىلمىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

﴿ بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴾ ﴿ ٱللَّهُ ٱلصَّمَدُ ﴾

1 2699 115 57 2699 22

بۇلاردىن شەكىللەنگەن سان 1269911557269922 بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىك سانى.

181415936752846 × 7 =

يەتتە سانىغا كۆپەيتىلگەن بۇ سانمۇ يەنىلا شۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتمىسىدۇر.

5593 = 1 + 2699 + 115 + 57 + 2699 + 22

799 × 7 = 5593

ئالتىنچى ھەقىقەت: {ﷲ} لەپزى تۈنجى قېتىم زىكىر قىلىنغان قۇرئان كەرىمنىڭ تۈنجى سۈرىسىنىڭ تۈنجى ئايىتى ﴿ بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴾ دە {ﷲ} نىڭ ئۈچ مۇبارەك نامى زىكىر قىلىنغان، بۇلار ﴿ ٱللَّهِ ﴾ ﴿ ٱلرَّحْمَٰنِ ﴾ ﴿ ٱلرَّحِيمِ ﴾ لەپزىلىرىدۇر، بىز تۆۋەندە بۇ ئىسىملارنىڭ ھەرپلىرىنى ۋە قۇرئان كەرىمدە زىكىر قىلىنىش قېتىم سانىنى ھېسابلاپ كۆرەيلى:

1 - ﴿ ٱللَّهِ ﴾ لەپزى تۆت ھەرپ بولۇپ، قۇرئان كەرىمدە جەمئىي 2699 قېتىم زىكىر قىلىنغان.



www.munber.org



2 - ﴿ ٱلرَّحْمَٰنِ ﴾ لەپزى ئالتە ھەرپ بولۇپ، قۇرئان كەرىمدە جەمئىي 57 قېتىم زىكىر قىلىنغان.

3 - ﴿ ٱلرَّحِيمِ ﴾ لەپزى ئالتە ھەرپ بولۇپ، قۇرئان كەرىمدە جەمئىي 115 قېتىم زىكىر قىلىنغان.

﴿ ٱللَّهِ ﴾ ﴿ ٱلرَّحْمَٰنِ ﴾ ﴿ ٱلرَّحِيمِ ﴾

ھەرپلىرى تەكرارسانى ھەرپلىرى تەكرارسانى ھەرپلىرى تەكرارسانى

115 6 57 6 2699 4

بۇ سانلاردىن شەكىللەنگەن يېڭى سان 115657626994 بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسىدۇر.

16522518142 × 7 = 115657626994

ئالتىنچى ھەقىقەت: ﴿ ٱللَّهِ ﴾ لەپزى ئاخىرقى قېتىم زىكىر قىلىنغان قۇرئان كەرىمنىڭ 112 - سۈرىسىنىڭ ئىككىنچى ئايىتى ﴿ ٱللَّهُ ٱلصَّمَدُ ﴾ دە ﴿ ٱللَّهِ ﴾ نىڭ مۇبارەك ئىككى نامى زىكىر قىلىنغان، بۇلار ﴿ ٱللَّهُ ﴾ ﴿ ٱلصَّمَدُ ﴾ لەپزىلىرىدۇر، بىز تۆۋەندە بۇ ئىسىملارنىڭ ھەرپلىرىنى ۋە قۇرئان كەرىمدە زىكىر قىلىنىش قېتىم سانىنى ھېسابلاپ كۆرەيلى:



www.munber.org

uyghurkitap.com

1 - ﴿ ٱللَّهِ ﴾ لەپزى تۆت ھەرپ بولۇپ، قۇرئان كەرىمدە جەمئى 2699 قېتىم زىكرى قىلىنغان.

2 - ﴿ ٱلصَّمَدُ ﴾ لەپزى بەش ھەرپ بولۇپ، قۇرئان كەرىمدە بىر قېتىملا زىكرى قىلىنغان.

| ﴿ ٱللَّهِ ﴾ ﴿ ٱلصَّمَدُ ﴾ | |
|---|---|
| ھەرپلىرى تەكرار سانى | ھەرپلىرى تەكرار سانى |
| 1 5 | 2699 4 |

بۇلاردىن شەكىللەنگەن سان 1526994بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسىدۇر.

$218142 \times 7 = 1526994$

يەتتىنچى ھەقىقەت: ﴿ ٱللَّهِ ﴾ لەپزى تۇنجى قېتىم زىكرى قىلىنغان قۇرئان كەرىمنىڭ تۇنجى سۈرىسىنىڭ تۇنجى ئايىتى ﴿ بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴾ دە ﴿ ٱللَّهِ ﴾ نىڭ مۇبارەك ئۈچ نامى زىكرى قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئۈچ ئىسمدا سەككىز ئېلىپبە ھەرپى بار، بۇ ھەرپلەر:

ا ل ه ر ح م ن ي

﴿ ٱللَّهِ ﴾ لەپزى ئاخىرقى قېتىم زىكرى قىلىنغان ئايەت قۇرئان



www.munber.org



كەرىمنىڭ 112 - سۈرىسىنىڭ ئىككىنچى ئايىتى ﴿ ٱللَّهُ ٱلصَّمَدُ ﴾ دە، ﴿ ٱللَّهِ ﴾ نىڭ مۇبارەك ئىككى نامى زىكرى قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئىككى ئىسمدا ئالتە ئېلىپبە ھەرپى بار، بۇلار:

ا ل ه ص م د

بۇ ئىككى ئايەتتە {الله}نامىنى زىكرى قىلىش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن ئېلىپبە ھەرپلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى14 بولۇپ، بۇ سانمۇ يەنىلا يەتتە سانىنىڭ ئىككى ھەسسىسى.

$2 \times 7 = 14 = 6 + 8$

﴿ ٱللَّهِ ﴾ لەپزىدىكى يەنە بىر نەچچە ھەقىقەت:

بىز قۇرئان كەرىمدىكى ﴿ ٱللَّهِ ﴾ لەپزى زىكرى قىلىنغان تۇنجى سۈرىنىڭ تۇنجى ئايىتى ﴿ بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴾ نى ۋە ئۇنىڭ ھەرپلىرىنى، قۇرئان كەرىمدە تەكرار زىكرى قىلىنىشلىرىنى ھېسابلاپ، ئۇلاردىن شەكىللەنگەن سانىنى قوشۇپ قارايدىغان بولساق، بۇمۇ يەنىلا يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

قۇرئاننىڭ تۇنجى ئايىتى ھەرپلەر سانى سۆزلۈكلىرىنىڭ تەكرارسانى

2893 19 1

﴿ ٱللَّهِ ﴾ لەپزى تۇنجى زىكرى قىلىنغان سۈرە فاتىھەنىڭ 1



www.munber.org

ـ ئايىتى بولۇپ، بۇ ئايەت 19 ھەرپتىن تەركىب تاپقان، بۇ ئايەتتە تۆت سۆزلۈك بولۇپ، بۇلار قۇرئان كەرىمدە 2893 قېتىم تەكرار زىكىر قىلىنغاندۇر. بۇ سانلارنى قوشقاندىن كېيىن شەكىللەنگەن سان 2893191 بولۇپ، بۇ سانى ئوڭ ياكى سول قايسى تەرەپتىن ئوقۇيلى، ئوخشاشلا شۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتمىسى بولىدۇ.

$$413313 \times 7 = 2893191$$

$$273426 \times 7 = 1913982$$

بىز ﴿ ٱللَّهِ ﴾ لەپزى تۇنجى زىكىر قىلىنغان سۈرە سۈرە فاتىھەنىڭ 1 ـ ئايىتىگە يەنە بىر قېتىم قاراپ باقايلى: ﴿ ٱللَّهِ ﴾ لەپزى قۇرئان كەرىمدە 1 ـ سۈرىنىڭ 1 ـ ئايىتىدە زىكىر قىلىنغان بولۇپ تۆت ھەرپتىن تەركىب تاپىدۇ، بۇ سۆزلۈك قۇرئان كەرىمدە 2699 قېتىم تەكرار زىكىر قىلىنغان، بۇسانلارنى قوشقاندىن كېيىن شەكىللەنگەن سان 269941 بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىك سانى.

$$787 \times 7 \times 7 \times 7 = 269941$$

بىز ﴿ ٱللَّهِ ﴾ لەپزى تۇنجى زىكىر قىلىنغان سۈرە سۈرە فاتىھەنىڭ 1 ـ ئايىتى ﴿ بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴾ گە يەنە بىر قېتىم قاراپ باقايلى:

﴿ ٱللَّهِ ﴾ لەپزى تۇنجى زىكىر قىلىنغان سۈرە فاتىھەنىڭ 1 ـ



www.munber.org



ئايىتىدە الله تائالانىڭ ﴿ ٱلرَّحْمَٰنِ ﴾ سۈپىتى بولۇپ، بۇ سۈپەت ئالتە ھەرپتىن تەركىب تاپقان ھەم قۇرئان كەرىمدە 57 قېتىم تەكرار زىكىر قىلىنغان.

| ئايەت نومۇرى | ھەرپلىرى | تەكرارلىنىش سانى |
|---|---|---|
| 1 | 6 | 57 |

بۇ سانلاردىن شەكىللەنگەن يېڭى سان 5761 بولۇپ، بۇمۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسىدۇر.

$$823 \times 7 = 5761$$

## ئۇلۇغ ياراتقۇچىمىز الله يەككە ـ يېگانىدۇر

الله تائالا ئۆزىنىڭ يەككە ـ يېگانە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِنَّنِيٓ أَنَا ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّآ أَنَا۠ ﴾

﴿مەن ھەقىقەتەن(ئىبادەتكە لايىق) الله دۇرمەن، مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوق﴾ ـ سۈرە تاھا 14 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى

يۇقىرىقى ئايەت يەتتە سۆزلۈكتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلۇغ الله بۇ ئايىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يەككە ـ يېگانە بەرھەق زات ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپلا قالماستىن يەنە بىر مۆنچىلىغان ھەقىقەتلەرنى بايان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھەممىگە قادىر، ھەممە نەرسىنى ھېكمەت بىلەن ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم نامايەن قىلدى. بىز يۇقىرىقى ئايەتنى قىسقىچە تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى.



www.munber.org

www.uyghurkitap.com



بىرىنچى ھەقىقەت: بىز يۇقىرىقى ئايەتتىكى سۆزلۈكلەردىن ﴿ ٱللَّهِ ﴾ لەپزىدە بار ھەرپلەرنى ساناپ، بۇلاردىن شەكىللەنگەن سانغا قارايدىغان بولساق:

﴿ إِنَّنِيٓ أَنَا ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّآ أَنَا۠ ﴾

2 3 3 2 4 2 1

بۇ سانلاردىن شەكىللەنگەن سان **2332421** مۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكىدۇر.

**333203 × 7 = 2332421**

بۇ سانلارنى تەتۈر يۆنىلىش بويىچە ئوقۇساقمۇ يەنىلا بۇلاردىن شەكىللەنگەن سانىنىڭ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

**177476 × 7 = 1242332**

ئىككىنچى ھەقىقەت: يۇقىرىقى ئايەت يەتتە سۆزلۈكتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ سۆزلۈكلەردە زىكىر قىلىنغان ﴿ ٱللَّهِ ﴾ لەپزىدە ھەم بار ھەرپلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 17 . بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ 20 - سۈرىسى (تاھا) نىڭ 14 - ئايىتىدە زىكىر قىلىنغان.

| سۈرە نومۇرى | ئايەت نومۇرى | سۆزلۈك سانى | "الله" لەپزى ھەرپلىرى |
|---|---|---|---|
| 20 | 14 | 7 | 17 |

بۇ سانلارنىڭ بىر سۈرىدە مۇنداق زىكىر قىلىنىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس، بۇ سانلاردىن شەكىللەنگەن سان **1771420**



www.munber.org



مۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسىدۇر.

**253060 × 7 = 1771420**

ئۈچىنچى ھەقىقەت: يۇقىرىقى ئايەتتىكى سۆزلۈكلەرنىڭ ھەرپلىرىنى ساناپ قارايدىغان بولساق، بۇلارنىڭ يەنىلا يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

﴿ إِنَّنِيٓ أَنَا ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّآ أَنَا۠ ﴾

3 3 3 2 4 3 4

بۇ سانلاردىن شەكىللەنگەن سان **3332434** مۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتمىسى.

476062 × 7 = 3332434

تۆتىنچى ھەقىقەت: يۇقىرىقى ئايەت ئىككى جۈملىدىن تەركىب تاپىدۇ.

1 - ﴿ إِنَّنِيٓ أَنَا ٱللَّهُ ﴾ ﴿مەن ھەقىقەتەن (ئىبادەتكە لايىق) الله دۇرمەن﴾ بۇ جۈملىدىن مەقسەت ياراتقۇچىمىز الله نى تونۇش.

2 - ﴿ لَآ إِلَٰهَ إِلَّآ أَنَا۠ ﴾ ﴿مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوق﴾ بۇ جۈملىدىن مەقسەت ياراتقۇچىمىز الله نىڭ يەككە - يېگانە ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىش.

بىز بۇ ئىككى جۈملىنى ئايرىم - ئايرىم تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى.

بىرىنچى جۈملىدىكى ئۈچ سۆزلۈكنىڭ ھەرپلىرى



www.munber.org

﴿ إِنَّنِيٓ أَنَا ٱللَّهُ ﴾

**4 3 4**

بۇ سانلاردىن شەكىللەنگەن سان **434** بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتمىسىدۇر.

$62 \times 7 = 434$

ئىككىنچى جۈملىدىكى سۆزلۈكلەرنىڭ ھەرپلىرى:

﴿ لَآ إِلَٰهَ إِلَّآ أَنَا۠ ﴾

**3 3 3 2**

بۇ سانلاردىن شەكىللەنگەن سان **3332** بولۇپ، بۇمۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسىدۇر.

$68 \times 7 \times 7 = 3332$

ئويلاپ كۆرۈڭ قېرىندىشىم، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئايەتتە ئىككى جۈملە بولۇپ، بىرىنچى جۈملە ئىلاھنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تونۇتقان بولسا، ئىككىنچى جۈملە ياراتقۇچىنىڭ يەككە ـ يېگانە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. بۇ ئىككى جۈملىدە شەكىللەنگەن سانلارنىڭ ئوخشاشلا يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسى بولۇپ كېلىشى بۇ ئايەت زىكىر قىلىنغان بۈيۈك كىتابنىڭ ھەممە نەرسىنى ھېكمەت بىلەن ياراتقۇچى الله نىڭ كالامى ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلماسمۇ ؟؟؟

﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغفىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۆئمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن﴾ ـ سۈرە ھەشر **10** ـ ئايەت



www.munber.org



# تۆتىنچى باب

## قۇرئان كەرىمنىڭ تۇنجى سۈرىسى توغرىسىدا قىسقىچە تەھلىل

الله تائالا قۇرئان كەرىمدە قۇرئان كەرىمنىڭ تۇنجى سۈرىسىنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿(نامازدا) تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان يەتتە ئايەتنى (يەنى سۈرە فاتىھەنى) ۋە ئۇلۇغ قۇرئاننى ھەقىقەتەن ساڭا ئاتا قىلدۇق﴾ ـ سۈرە ھىجر **87** ـ ئايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈرە فاتىھەنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

« مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، تەۋرات، ئىنجىل، زەبۇر، فۇرقاندىمۇ ماڭا بېرىلگەن يەتتە ئايەت(سۈرە فاتىھە) ۋە قۇرئان كەرىمدەك (بىرەر كىتاب) نازىل قىلىنمىغان. » ـ ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان

بىز سۈرە فاتىھەنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىدىغان ئايەت، ھەدىسلەرنى زىكىر قىلىشنى توختىتىپ رىسالىمىزنىڭ ئاساسى ۋەزىپىسى بولغان سان ـ سىفىرغا ئالاقىدار مەزمۇنلارنى بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمىز. بىز بۇ بابتا بۇ سۈرىنىڭ ئايەت، جۈملە، سۆزلۈك، ھەرپلىرىگە قىسقىچە تەھلىل قىلىپ، بۇ سۈرىدىكى مۆجىزىلىك ھەقىقەتلەرنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە ئەقلىمەن قېرىنداشلىرىمىزدىن بۇ يەردە بايان قىلىنغان ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى تەكشۈرۈپ، تەھلىل قىلىپ، ھەقنى تونۇپ، ھەممىگە قادىر الله نى



www.munber.org

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

تونۇشقا چاقىرماقچىمىز.

بىز سۈرە فاتىھەنىڭ باشقا ئىسمىلىرىغا نەزەر تاشلىساق، بۇ مۇبارەك سۈرىنىڭ "كىتابنىڭ ئانىسى"، "كىتابنىڭ باشلانمىسى" ۋە "يەتتە ئايەت" دەپ نامى بارلىقىنى، قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىدىمۇ بۇ سۈرىنى "يەتتە ئايەت سۈرىسى" دەپ ئاتىغانلىقىنى كۆرىمىز، بۇ سۈرە قۇرئان كەرىمدىكى مۆجىزىلەرنىڭ ھەقىقى ئاچقۇچى.

مانا بۇ سۈرە الله تائالا قۇرئان كەرىمدە سان ـ سىفىر بىلەن ئاتىغان تۇنجى ۋە ئاخىرقى سۈرە، ئۇ سان قايسى؟

ئۇ بولسىمۇ يەتتە، مۆجىزىلىك يەتتە سانى، ھەقىقەتنى بايان قىلغۇچى يەتتە سانى، يەتتە ئاسماننى ياراتقۇچى زىكىر قىلغان مۇبارەك يەتتە سانى، مانا بۇ يەتتە سانىنىڭ قۇرئان كەرىمنىڭ تۇنجى سۈرىسىنىڭ نامىلىرىدىن بولۇشىنىڭ ئۆزىلا قۇرئان كەرىمدىمۇ سان ـ سىفىرغا دالالەت قىلىدىغان نەرسىنىڭ بارلىقىغا دەلىل بولالماسمۇ؟

بىز بۇنى ئىنشائاللاھ بۇ سۈرىنى تەھلىل قىلىش جەريانىدا چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

بۇ سۈرىنىڭ ئومۇمىي سۆزلۈكلىرىدە زىكىر قىلىنغان ﴿ ٱللَّهِ ﴾

لەپزىنىڭ ھەرپلىرى 49 بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسىدۇر.

قۇرئان كەرىمنىڭ ئىككىنچى سۈرىسىنىڭ باش ئايىتى بولغان"الم" نىڭ ھەرپلىرىمۇ تۇنجى سۈرە فاتىھەدە يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسى شەكلىدە زىكىر قىلىنغان.

قۇرئان كەرىمدىكى ئۆزۈك ھەرپلەر بىلەن باشلانغان سۈرىلەرنىڭ باش ئايەتلىرىنىڭ ھەرپلىرى ھەم بۇ سۈرىدە زىكىر قىلىنغان بولۇپ،

www.munber.org



قۇرئان كەرىمنىڭ ماتېماتىكىلىق ئىلمىي ھەقىقەتلىرى

بۇلارمۇ يەنىلا يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسى بولالايدۇ.

بۇ سۈرىدە تەشدىدلىك (قوش ئوقۇلىدىغان) ھەرپلەر ھەم 14 بولۇپ، بۇمۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسىدۇر.

بۇ سۈرىدە ھەرپلەرگە قويۇلغان چېكىت سانى 56 بولۇپ، بۇمۇ ھەم يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسىدۇر.

سۈرە فاتىھەدە زىكىر قىلىنغان ئېلىپبە ھەرپلىرىنىڭ سانى 21 بولۇپ، بۇمۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسىدۇر.

بۇ سۈرىدە زىكىر قىلىنمىغان ئېلىپبە ھەرپلىرىنىڭ سانى بولسا يەتتە .

## سۈرە فاتىھەنىڭ قۇرئاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۈرىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

قۇرئان كەرىمنىڭ تۇنجى سۈرىسى فاتىھەنىڭ سۈرە نومۇرى1 ـ بولۇپ، بۇ جەمئى يەتتە ئايەتتىن تەركىب تاپىدۇ، قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۈرىسىنىڭ سۈرە نومۇرى 114 بولۇپ جەمئى ئالتە ئايەتتىن تەركىب تاپىدۇ.

| قۇرئاننىڭ تۇنجى سۈرىسى | | قۇرئاننىڭ ئاخىرقى سۈرىسى | |
|---|---|---|---|
| سۈرە نومۇرى | ئايەت سانى | سۈرە نومۇرى | ئايەت سانى |
| 1 | 7 | 114 | 6 |

بۇ سانلاردىن شەكىللەنگەن سان 611471 بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسى.

$$12479 \times 7 \times 7 = 611471$$

سۈرە فاتىھەنىڭ ھەقىقەتلىرى بۇنىڭ بىلەن تۈگىمەيدۇ. بىز

www.munber.org

تۆۋەندە قۇرئان كەرىمنىڭ تۇنجى سۈرىسىنىڭ سۈرە نۇمۇرى، ئايەت سانى، سۆزلۈك سانى ۋە ھەرپلىرىگە قۇرئان كەرىمنىڭ ئاخىرقى سۈرىسىنىڭ سۈرە نۇمۇرى، ئايەت سانى، سۆزلۈكلىرى ۋە ھەرپلىرىنى قوشۇپ ئۇلاردىن شەكىللەنگەن سانغا قاراپ باقايلى:

| قۇرئاننىڭ تۇنجى سۈرىسى | | | | قۇرئاننىڭ ئاخىرقى سۈرىسى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| نۇمۇرى | ئايىتى | سۆزلۈكى | ھەرپلىرى | نۇمۇرى | ئايىتى | سۆزلۈكى | ھەرپلىرى |
| 1 | 7 | 31 | 139 | 114 | 6 | 21 | 80 |

بۇ سانلاردىن شەكىللەنگەن سان **8021611413931**7**1** بولۇپ، بۇمۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسىدۇر:

$$114594448770453 \times 7 = 802161141393171$$

قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ ئۇزۇن ۋە ئەڭ قىسقا سۈرە

قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ ئۇزۇن سۈرە سۈرە بەقەرە بولۇپ بۇ سۈرە جەمئى **286** ئايەت. قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ قىسقا سۈرە كەۋسەر سۈرىسى بولۇپ بۇ سۈرە جەمئى ئۈچ ئايەتتۇر.

| ئەڭ قىسقا سۈرە | ئەڭ ئۇزۇن سۈرە |
|---|---|
| 3 | 286 |

بۇ ئىككى ساندىن شەكىللەنگەن سان **2863** بولۇپ، بۇ سانىنى ئەڭ ياكى تەتۈر يۆنىلىش بويىچە ئوقۇيلى، ئوخشاشلا شۇ يەتتە سانىنىڭ ھەسسىلىكى سانى شەكلىدە نامايەن بولىدۇ.

$$409 \times 7 = 2863$$

$$526 \times 7 = 3682$$

قۇرئان كەرىم سۈرە، ئايەت، پارە ۋە رۇبئىلەرگە (بەش بەت بىر رۇبئى ھېسابلىنىدۇ) بۆلۈنگەندۇر. گەرچە قۇرئان كەرىمنىڭ پارە،



www.munber.org



رۇبئىلەرگە بۆلۈنىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىسىدىن بىر نەچچە ئەسىر كېيىن ئىسلام ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن بولغان بولسىمۇ، ھەممە مەخلۇقاتنىڭ ئەمىلىنى كونترول قىلغۇچى الله نىڭ ئىرادە قىلىشى بىلەن بولغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر نەچچە ئەسىر كېيىن پارە، رۇبئىلەرگە بۆلۈنگەن قۇرئان كەرىم ئوخشاشلا يەتتە سانىغا ئالاقىدار بولۇپ رەتلەنگەن. بىز تۆۋەندە قۇرئان كەرىم نىڭ پارىلىرىنىڭ ئۈتتۈرسىدىكى باغلىنىشلارغا قاراپ باقايلى .

## قۇرئان كەرىمنىڭ پارىلىرىنىڭ باغلىنىشلىرى

بىرىنچى باغلىنىش: قۇرئان كەرىمنىڭ تۇنجى بۆلىكى بىرىنچى پارە، ئاخىرقى بۆلىكى **30** ـ پارە.

بۇ ئىككى ساندىن شەكىللەنگەن سان **301** مۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسى.

$$43 \times 7 = 301$$

ئىككىنچى باغلىنىش: قۇرئان كەرىم **114** سۈرە ۋە **30** پارىغا بۆلۈنگەن.

بۇ سانلاردىن شەكىللەنگەن **30114** مۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسى.

$$4302 \times 7 = 30114$$

ئۈچىنچى باغلىنىش: قۇرئان كەرىم **6236** ئايەت ۋە **30** پارىدىن تەركىب تاپقان.

بۇ سانلاردىن شەكىللەنگەن **306236** مۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسدۇر.



www.munber.org

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

43748 × 7 = 306236

تېخىمۇ ھەيران قالارلىق ئىش شۇكى، بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان ئۈچ خىل باغلىنىشتىكى سانلاردىن يېڭى بىر سان ھاسىل قىلساق بۇ سان يەنىلا شۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسى بولۇپ نامايەن بولىدۇ.

892825107 × 7 × 7 = 43748 4302 43

## قۇرئاننىڭ ئاخىرقى ئۈچ سۈرىسى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلار

قۇرئان كەرىمنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈچ سۈرە بىر نەچچە خىل ئالاھىدە سانلار بىلەن باشقا سۈرىلەردىن مۇئەييەن مىقداردا ئۆز ئالاھىدىلىكىنى نامايەن قىلىدۇ. مەسىلەن، ئىخلاس سۈرىسىنىڭ سۈرە تەرتىپ نومۇرى 112، ئايەت سانى تۆت، فەلەق سۈرىسىنىڭ تەرتىپ نومۇرى 113، ئايەت سانى بەش، ناس سۈرىسىنىڭ تەرتىپ نومۇرى 114، ئايەت سانى ئالتە.

سۈرە نومۇرى 112 113 114
ئايەت سانى 4 5 6

بىز يۇقىرىقى سۈرىلەرنىڭ سۈرە تەرتىپ نومۇرلىرى بىلەن ئايەت نومۇرلىرىنى جۈغلاپ ئۇلاردىن شەكىللەنگەن سانىنى قوشۇپ قارىساق بۇلارنىڭمۇ يەنىلا يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

فەلەق سۈرىسى ناس سۈرىسى ئىخلاس سۈرىسى
سۈرە نومۇرى ئايىتى سۈرەنومۇرى ئايىتى سۈرە نومۇرى ئايىتى
6 114 5 113 4 112





بۇ سانلاردىن شەكىللەنگەن سان 611451134112 بولۇپ، بۇ سانىنى ئوڭ ياكى سولدىن ئوقۇساق ئوخشاشلا كۆپەيتىلگەن يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسى بولۇپ چىقىدۇ.

87350162016 × 7 = 611451134112

30204450588 × 7 = 211431154116

ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، يۇقىرىقى سۈرىلەرنىڭ ھەر بىرىدىكى ئالاھىدە سانلارنى، مەسىلەن، سۈرە تەرتىپ نومۇرى بىلەن ئايەت سانىنى جۈغلاپ ئۇلاردىن شەكىللەنگەن سانغا قارىساق، بۇ سانىنىڭ يەنىلا يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئىخلاس سۈرىسىدىكى ئالاھىدە سان

سۈرە نومۇرى ئايەت سانى
112 4

فەلەق سۈرىسىدىكى ئالاھىدە سان

سۈرە نومۇرى ئايەت سانى
113 5

ناس سۈرىسىدىكى ئالاھىدە سان

سۈرە نومۇرى ئايەت سانى
114 6

يۇقىرىقى سۈرىلەردىكى سۈرە نومۇرى بىلەن ئايەت سانىنى قوشقاندىن شەكىللەنگەن سان يەنىلا شۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسى بولۇپ چىقىدۇ.

302 × 7 = 2114



www.munber.org

445 × 7 = 3115

12 × 7 × 7 × 7 = 4116

فاتىھە، ئىخلاس، فەلەق، ناس، سۈرىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلار

تۆۋەندە بىز فاتىھە، ئىخلاس، فەلەق، ناس سۈرىلىرىنىڭ ئايەت ۋە سۈرە تەرتىپ نومۇرلىرىنى يېزىپ چىقساق، بۇ سۈرىلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان قويۇق ئالاقىسىنى، بولۇپمۇ سۈرە فاتىھەنىڭ ھەر بىر سۈرە بىلەن بولغان زىچ باغلىنىشىنى كۆرۈۋالالايمىز. تەپسىلاتىنى تۆۋەندىكى سېلىشتۇرمىلاردىن كۆرگەيسىز:

## سۈرە فاتىھە بىلەن ئىخلاس سۈرىسى

پاتىھە سۈرىسى ئىخلاس سۈرىسى
سۈرە نومۇرى ئايەت سانى سۈرە نومۇرى ئايەت سانى
7 1 4 112

بۇ سانلاردىن شەكىللەنگەن 411271 مۇ يەتتە ساننىڭ كۆپەيتمىسىدۇر.

58753 × 7 = 411271

## سۈرە فاتىھە بىلەن فەلەق سۈرىسى

فەلەق سۈرىسى پاتىھە سۈرىسى
سۈرە نومۇرى ئايەت سانى سۈرە نومۇرى ئايەت سانى
5 113 7 1

بۇ سانلاردىن شەكىللەنگەن سان 511371 مۇ يەتتە ساننىڭ كۆپەيتمىسىدۇر.

www.munber.org





73053 × 7 = 511371

## سۈرە فاتىھە بىلەن ناس سۈرىسى

پاتىھە سۈرىسى ناس سۈرىسى
سۈرە نومۇرى ئايەت سانى سۈرە نومۇرى ئايەت سانى
6 114 7 1

بۇ سانلاردىن شەكىللەنگەن سان 611471 مۇ يەتتە ساننىڭ كۆپەيتمىسىدۇر.

87353 × 7 = 611471

تېخىمۇ ھەيران قالارلىق ئىش، يۇقىرىدىكى ئۈچ سۈرىدە يەتتە ساننىڭ كۆپەيتمىسى بولغان سانلاردىن(73053 58753 87353) يەنە بىر سان ھاسىل قىلىپ ئۇ ساننى كۆزەتسەك، يەنىلا شۇ يەتتە ساننىڭ كۆپەيتمىسى بولۇپ چىقىدۇ.

17827291946097 × 7 × 7 = 87353 73053 58753

## سۈرە فاتىھەنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ كەلگەن ئايەت

سۈرە فاتىھەنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ نازىل قىلىنغان بىردىنبىر ئايەت ھىجرى سۈرىسىنىڭ 87 - ئايىتى بولۇپ، الله تائالا بۇ سۈرىنىڭ مەرتىۋىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿(نامازدا) تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان يەتتە ئايەتنى(يەنى سۈرە فاتىھەنى) ۋە ئۇلۇغ قۇرئاننى ھەقىقەتەن ساڭا ئاتا قىلدۇق﴾ - سۈرە ھىجر 87 - ئايەت

بىز تۆۋەندە سۈرە فاتىھە بىلەن سۈرە فاتىھەنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنغان سۈرە ۋە ئايەت ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلارغا دىققەت قىلىپ

www.munber.org

كۆرەيلى.

بىرىنچى ھەقىقەت: سۈرە فاتىھەنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنغان ئايەتنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى ئورنى

قۇرئان كەرىم سۈرىلىرىنىڭ رەت تەرتىپى بىلەن قارىغاندا، سۈرە فاتىھەنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنغان ئايەت 15 ـ سۈرىنىڭ 87 ـ ئايىتى.

| سۈرە نۇمۇرى | ئايەت نۇمۇرى |
|---|---|
| 15 | 87 |

بۇ سانلاردىن شەكىللەنگەن سان 8715 بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتمىسىدۇر.

$1245 \times 7 = 8715$

ئىككىنچى ھەقىقەت: ئايەت نۇمۇرى ۋە سۆزلۈكلىرى

سۈرە فاتىھەنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنغان ئايەتنىڭ نۇمۇرى 87، سۆزلۈك سانى توققۇز.

| ئايەت نۇمۇرى | سۆزلۈك سانى |
|---|---|
| 87 | 9 |

بۇ سانلاردىن شەكىللەنگەن سان 987 مۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسىدۇر.

$141 \times 7 = 987$

ئۈچىنچى ھەقىقەت: 87 ـ ئايەتنىڭ ئايەت، سۆزلۈك، ھەرپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلار

سۈرە فاتىھەنىڭ پەزىلىتى زىكىر قىلىنغان ئايەتنىڭ نۇمۇرى 87، سۆزلۈك سانى توققۇز، ھەرپ سانى جەمئى 35 .





| ئايەت نۇمۇرى | سۆزلۈك سانى | ھەرپ سانى |
|---|---|---|
| 87 | 9 | 35 |

بۇ سانلاردىن شەكىللەنگەن سان 35987 بولۇپ، بۇ ساننى ئوڭ ياكى سولدىن ئوقۇساقمۇ ئوخشاشلا يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسى بولۇپ چىقىدۇ.

$5141 \times 7 = 35987$

$11279 \times 7 = 78953$

تۆتىنچى ھەقىقەت: سۈرە فاتىھەنىڭ سۆزلۈكلىرى بىلەن سۈرە فاتىھەنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنغان ئايەت نىڭ سۆزلۈكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش

سۈرە فاتىھەنىڭ سۆزلۈكلىرى جەمئى31، سۈرە فاتىھەنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنغان ئايەتنىڭ سۆزلۈكلىرى توققۇز.

| فاتىھەنىڭ سۆزلۈكلىرى | فاتىھەنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلغان ئايەتنىڭ سۆزلۈكلىرى |
|---|---|
| 31 | 9 |

بۇ سانلاردىن شەكىللەنگەن سان 931 بولۇپ، بۇمۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسىدۇر.

$19 \times 7 \times 7 = 931$

بەشىنچى ھەقىقەت: ئىككى سۈرە ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش

سۈرە فاتىھەنىڭ سۈرە نۇمۇرى1 ـ بولۇپ، جەمى يەتتە ئايەت، سۈرە فاتىھەنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنغان سۈرىنىڭ نۇمۇرى 15 ـ بولۇپ، جەمئى 99 ئايەت.

| سۈرە فاتىھە | | ھىجرى سۈرىس | |
|---|---|---|---|
| سۈرە نۇمۇرى | ئايەت سانى | سۈرە نۇمۇرى | ئايەت سانى |

**99 15 7 1**

بۇ سانلاردىن شەكىللەنگەن سان **991571** بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسىدۇر.

$141653 \times 7 = 991571$

## سۈرە فاتىھەدە زىكىر قىلىنغان ئېلىپبە ھەرپلىرىدىكى ھەقىقەتلەر

بىز قۇرئان كەرىمنىڭ تۇنجى سۈرىسىدە زىكىر قىلىنغان ئېلىپبە ھەرپلىرىنىڭ سۈرە فاتىھەدە تەكرارلانغان قېتىم سانىنى يېزىپ، ئۇلاردىن شەكىللەنگەن سانغا قارايدىغان بولساق بۇلارنىڭ يەنىلا يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇنىڭغا قىزىقىسىڭىز تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ:

1 - {الف} ھەرپى سۈرە فاتىھەدە 22 قېتىم تەكرارلانغان .
2 - {لام} ھەرپى سۈرە فاتىھەدە 22 قېتىم تەكرارلانغان .
3 - {ميم} ھەرپى سۈرە فاتىھەدە 15 قېتىم تەكرارلانغان .
4 - {يا} ھەرپى سۈرە فاتىھەدە 14 قېتىم تەكرارلانغان .
5 - {نۇن} ھەرپى سۈرە فاتىھەدە 11 قېتىم تەكرارلانغان .
6 - {را} ھەرپى سۈرە فاتىھەدە 8 قېتىم تەكرارلانغان .
7 - { ع } ھەرپى سۈرە فاتىھەدە 6 قېتىم تەكرارلانغان .
8 - {ها} ھەرپى سۈرە فاتىھەدە 5 قېتىم تەكرارلانغان .
9 - { الحاء } ھەرپى سۈرە فاتىھەدە 5 قېتىم تەكرارلانغان .



www.munber.org



10 - {با} ھەرپى سۈرە فاتىھەدە 4 قېتىم تەكرارلانغان .
11 - {دال} ھەرپى سۈرە فاتىھەدە 4 قېتىم تەكرارلانغان .
12 - {الواو} ھەرپى سۈرە فاتىھەدە 4 قېتىم تەكرارلانغان .
13 - {السين} ھەرپى سۈرە فاتىھەدە 3 قېتىم تەكرارلانغان .
14 - {ك} ھەرپى سۈرە فاتىھەدە 3 قېتىم تەكرارلانغان .
15 - {ت} ھەرپى سۈرە فاتىھەدە 3 قېتىم تەكرارلانغان .
16- { الصاد } ھەرپى سۈرە فاتىھەدە 2 قېتىم تەكرارلانغان .
17- { الطاء } ھەرپى سۈرە فاتىھەدە 2 قېتىم تەكرارلانغان .
18- { الغين } ھەرپى سۈرە فاتىھەدە 2 قېتىم تەكرارلانغان .
19- { الضاد } ھەرپى سۈرە فاتىھەدە 2 قېتىم تەكرارلانغان.
20- { القاف } ھەرپى سۈرە فاتىھەدە 1 قېتىم تەكرارلانغان .
21 - { الذال } ھەرپى سۈرە فاتىھەدە 1 قېتىم تەكرارلانغان .

بۇ سانلارنى قوشقاندىن كېيىن شەكىللەنگەن سان **1122223334445568111415 2222** بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتمىسىدۇر.

$160317619206509730202 1746 \times 7 =$

## سۈرە فاتىھەنىڭ باش ۋە ئاخىرقى ھەرپى

سۈرە فاتىھەنىڭ بىرىنچى ھەرپى(ب) سۈرە فاتىھەدە تۆت قېتىم تەكرارلانغان، ئاخىرقى ئايىتىنىڭ ئاخىرقى ھەرپى(ن) ھەرپى سۈرە فاتىھەدە قېتىم تەكرار زىكىر قىلىنغان. بۇ سانلاردىن شەكىللەنگەن سان قۇرئان كەرىمنىڭ سۈرىلىرىنىڭ سانى بىلەن ئوپمۇ ـ ئوخشاش.



www.munber.org

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

فاتىھەنىڭ تۇنجى ھەرپى {ب} فاتىھەنىڭ ئاخىرقى ھەرپى {ن}

4 11

## سۈرە فاتىھە ۋە قۇرئان كەرىم

بىز قۇرئان كەرىمنىڭ ئەرەبچە يېزىلىشىدىكى "القرآن" نىڭ ھەرپلىرىنىڭ سۈرە فاتىھەدە زىكىر قىلىنىش قېتىم سانىغا نەزەر سېلىپ كۆرەيلى:

ا ل ق ر ا ن

22 22 1 8 22 11

1 - ﴿ ٱلۡقُرۡءَانُ ﴾ دېگەن سۆزدىكى{ئەلىف} ھەرپى سۈرە فاتىھەدە 22 قېتىم تەكرارلانغان.

2 - ﴿ ٱلۡقُرۡءَانُ ﴾ دېگەن سۆزدىكى {ل} ھەرپى سۈرە فاتىھەدە 22 قېتىم تەكرارلانغان.

3 - ﴿ ٱلۡقُرۡءَانُ ﴾ دېگەن سۆزدىكى {ق} ھەرپى سۈرە فاتىھەدە 1 قېتىم تەكرارلانغان.

4 - ﴿ ٱلۡقُرۡءَانُ ﴾ دېگەن سۆزدىكى {ر} ھەرپى سۈرە فاتىھەدە 8 قېتىم تەكرارلانغان.

5 - ﴿ ٱلۡقُرۡءَانُ ﴾ دېگەن سۆزدىكى {ن} ھەرپى سۈرە فاتىھەدە 11



www.munber.org



قېتىم تەكرارلانغان.

6 - ﴿ ٱلۡقُرۡءَانُ ﴾ دېگەن سۆزدىكى {ل} ھەرپى سۈرە فاتىھەدە 22 قېتىم تەكرارلانغان.

بۇ سانلاردىن شەكىللەنگەن سان 1122812222 بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسىدۇر.

160401746 × 7 = 11 22 81 2222

سۈرە فاتىھە ۋە "LJŏ _ džc" سۆزى

"آمىين" سۆزلۈكى (ئىجابەت قىلغىن) گەرچە قۇرئان كەرىمدە بىرەر ئايەتتە زىكىر قىلىنمىغان بولسىمۇ، ھەر قېتىم نامازدا بولسۇن ۋە ياكى فاتىھە ئۇقۇلغان ئورۇنلاردا بولسۇن تەكرار ئېيتىلىدۇ. بۇ سۆزلۈكنىڭ فاتىھە سۈرىسى بىلەن بىرەر باغلىنىشلىقى بارمۇ - قانداق؟ بۇنىڭغا رىسالىمىزنىڭ مەزمۇنى بولغان سان - سىفىر نەزەرىيىسى بىلەن قاراپ باقايلى:

"آمىين" سۆزلۈكى ئەلىف، مىم. يا، نۇن ھەرپلىرىدىن شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ ھەرپلەرمۇ سۈرە فاتىھەدە تەكرار زىكىر قىلىنغان، بىز بۇ ھەرپلەرنىڭ سۈرە فاتىھەدىكى زىكىر قىلىنىش قېتىم سانىغا قاراپ باقايلى:

1 - "آمىين" سۆزلۈكىدىكى "ئ" ھەرپى سۈرە فاتىھەدە جەمئى 22 قېتىم تەكرارلانغان .

2 - "آمىين" سۆزلۈكىدىكى "م"ھەرپى سۈرە فاتىھەدە جەمئى 15



www.munber.org

قېتىم تەكرارلانغان .

3 - "آمىين" سۆزلۈكىدىكى {آ} ھەرپى سۈرە فاتىھەدە جەمئىي 14 قېتىم تەكرارلانغان .

4 - "آمىين" سۆزلۈكىدىكى "ن" ھەرپى سۈرە فاتىھەدە جەمئىي 11 قېتىم تەكرارلانغان .

| ا | م | ي | ن |
|---|---|---|---|
| 22 | 15 | 14 | 11 |

بۇ سانلاردىن شەكىللەنگەن سان 11141522 بولۇپ، بۇمۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتمىسىدۇر.

9886 × 23 × 7 × 7 = 11141522

## سۈرە فاتىھەنىڭ بىرىنچى ۋە ئاخىرقى ئايىتى

بىز بۇ سۈرىگە يەنە بىر قېتىم نەزەر سېلىپ باقايلى. سۈرە فاتىھەنىڭ تۇنجى ئايىتى 19 ھەرپتىن تەركىب تاپقان، ئەڭ ئاخىرقى ئايىتى 43 ھەرپتىن تەركىب تاپقان.

| فاتىھەنىڭ تۇنجى ئايىتىنىڭ ھەرپى فاتىھەنىڭ ئاخىرقى ئايىتىنىڭ ھەرپى | |
|---|---|
| 43 | 19 |

بۇ سانلاردىن شەكىللەنگەن سان 4319 بولۇپ، بۇمۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسىدۇر.

617 × 7 = 4319



www.munber.org



## فاتىھەنىڭ تۇنجى ۋە ئاخىرقى ئايىتىدىكى ئېلىپبە ھەرپلىرى

بىز يۇقىرىدا سۈرە فاتىھەنىڭ تۇنجى ۋە ئاخىرقى ئايىتىدىكى ھەرپلەرنىڭ ئومۇمىي سانى ۋە ئۇلارنىڭ يەتتە سانى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ھازىر سۈرە فاتىھەنىڭ بىرىنچى ئايىتى ۋە ئاخىرقى ئايىتىدە تەكرار زىكىر قىلىنمىغان ئېلىپبە ھەرپلىرىنىڭ سانى ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلارنى بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمىز. سۈرە فاتىھەنىڭ تۇنجى ئايىتىدىكى ئېلىپبە ھەرپلىرىنىڭ سانى 19، بۇلارنىڭ ئىچىدىن تەكرار زىكىر قىلىنغانلىرىنى چىقىرىۋەتسەك، تەكرار زىكىر قىلىنمىغان ھەرپلەرنىڭ 10 ھەرپ ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. سۈرە فاتىھەنىڭ ئاخىرقى ئايىتىدىكى ئېلىپبە ھەرپلىرىنىڭ سانى 43 ، بۇلارنىڭ ئىچىدىن تەكرار زىكىر قىلىنغانلىرىنى چىقىرىۋەتسەك، تەكرار زىكىر قىلىنمىغانلىرى 16 ھەرپ.

| ئاخىرقى ئايەتتىكى | تۇنجى ئايەتتىكى |
|---|---|
| 16 | 10 |

بۇ سانلاردىن شەكىللەنگەن سان 1610 بولۇپ، بۇ سانمۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسىدۇر.

230 × 7 = 1610

## فاتىھەنىڭ تۇنجى ئايىتى ۋە ئاخىرقى ئايىتىنىڭ سۆزلۈكلىرى

سۈرە فاتىھەنىڭ تۇنجى ئايىتى تۆت سۆزلۈك ۋە 19 ھەرپتىن تەركىب تاپىدۇ، ئاخىرقى ئايىتى 10 سۆزلۈك ۋە 43 ھەرپتىن تەركىب تاپىدۇ.

| فاتىھەنىڭ تۇنجى ئايىتى | فاتىھەنىڭ ئاخىرقى ئايىتى |
|---|---|



www.munber.org

بۇ ئىككى ساندىن شەكىللەنگەن سان **112** بولۇپ، بۇمۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتمىسىدۇر.

16 × 7 = 112

## سۈرە فاتىھەنىڭ سۆزلۈكلىرى

سۈرە فاتىھەنىڭ تەرتىپ نومۇرى **1**، ئايەتلىرى يەتتە، سۆزلۈكلىرى **31** بولۇپ، بۇلاردىن شەكىللەنگەن سان يەنىلا شۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسىدۇر.

453 × 7 = 3171

## سۈرە فاتىھەدىكى ئاخىرقى ھەقىقەت

بىز يۇقىرىدا ئومۇمىي قىلىپ سۈرە فاتىھەنىڭ تۇنجى ئايىتى بىلەن ئاخىرقى ئايىتى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلارنى ۋە سۈرە فاتىھە بىلەن باشقا بىر نەچچە سۈرىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلارنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتتۇق، تۆۋەندە سۈرە فاتىھەنىڭ ئايەت، سۆزلۈك ۋە ھەرپلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلارنى بايان قىلىش بىلەن بۇ قىسقىچە تەھلىلىمىزنى ئاياغلاشتۇرماقچىمىز.

﴿ بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴾

ئايەت نومۇرى1 ـ . سۆزلۈك سانى **4** . ھەرپ سانى **19**

﴿ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴾

ئايەت نومۇرى **2** . سۆزلۈك سانى**4** . ھەرپ سانى **17**

www.munber.org





| سۆزلۈكلىرى ھەرپلىرى | سۆزلۈكلىرى ھەرپلىرى |
|---|---|
| 10 43 | 4 19 |

بۇ سانلاردىن شەكىللەنگەن سان **4310194** بولۇپ، بۇمۇ يەتتە سانىنىڭ كۆپەيتىلمىسىدۇر.

615742 × 7 = 4310194

## فاتىھە تۇنجى ۋە ئاخىرقى ئايىتىنىڭ تۇنجى ۋە ئاخىرقى ھەرپلىرى

